# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

4

'97

# 目　次　《中亚信息》

97年第4期
（总第75期）

**法规**

哈就整顿管道运输石油出口的秩序作出决定 …………（3）
哈萨克斯坦1997年投资计划 ……（4）
中亚五国国名的外文用法 …………（8）

**综述**

哈萨克斯坦的土地资源现状 ………（9）
哈萨克斯坦的环境污染与居民发病率 …………（14）
1996年俄罗斯的外贸状况 ………（18）
面向未来的巴基斯坦 ……………（22）
新疆与中亚五国经济科技合作前景预测 …………（29）

**边贸信息**

中俄贸易将持续增长 ……………（36）
美国成为俄罗斯的第三大贸易伙伴（37）
哈萨克斯坦对外经济出现转机 …（38）
哈萨克斯坦粮食有望出口 ………（40）
俄罗斯鞋类进口额将增长 ………（41）
哈伊将加强两国间经济合作 ……（41）
哈国推行退休金保障体制改革 …（42）
哈日将在务实基础上发展经济合作（43）

**边贸信息**

吉尔吉斯坦等待俄罗斯企业家 …………（44）
俄轻工业令人堪忧 ……（44）
独联体诸国成为俄罗斯的主要供货国 …………（45）
中哈国境铁路联运实现历史性突破 …………（46）
哈调整国家行政区划 …（46）
突厥语国家领导人发表《塔什干宣言》 …………（47）
哈萨克斯坦需小型磨粉机（49）
蒙古希望与中国合作开发煤炭 …………（21）

本期责任编辑：牙尔买买提

باش مۇھەررىر:
جاڭ يۆجۈ
نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر:
شەرىپە ئىسھاقوۋا

مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار
مۇنەۋۋەر قادىر
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى:
يارمۇھەممەت ئىبراھىم

# بۇ ساندا

## «قانۇن - بەلگىلىمە»

قازاقستان تۇرۇبا يولى ترانسپورتى ئارقىلىق نېفىت ئېكسپورت قىلىش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى ...... (3)

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1997 - يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى ...... (4)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ دۆلەت نامى ۋە ئۇنىڭ چەتئەل تىلىدا قوللىنىلىشى ...... (8)

## «ماتېرىيال»

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى يەر بايلىقى ئەھۋالى ...... (9)

قازاقستاندا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئاھالىلارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى ...... (14)

رۇسىيىنىڭ 1996 - يىللىق تاشقى سودا ئەھۋالى ...... (18)

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن پاكىستان ...... (22)

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ...... (29)

## «چېگرا سودا خەۋەرلىرى»

جۇڭگو - روسىيە سودىسى داۋاملىق ياخشىلانغۇسى ...... (36)

ئامېرىكا روسىيىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ سودا شېرىكىتى بولۇپ قالدى ........................ (37)

قازاقستاننىڭ تاشقى ئىقتىسادىدا ئۆزگىرىش بولدى ........................ (38)

قازاقستاننىڭ ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشتا ئۈمىد بار ........................ (40)

روسىيىنىڭ ئاياغ كىيىم ئىمپورت قىلىش سوممىسى ئاشىدۇ ........................ (41)

قازاقستان بىلەن ئىران ئۆزئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى ........................ (41)

قازاقستان پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ
بارماقچى ........................ (42)

قازاقستان بىلەن ياپونىيە كونكرېت ئاساستا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي
قىلدۇردى ........................ (43)

قىرغىزىستان روسىيە كارخانىچىلىرىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەكتە ........................ (44)

روسىيىنىڭ يېنىك سانائىتى كىشىنى غەمگە سالىدۇ ........................ (44)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر روسىيىنى ئاساسلىق مال
بىلەن تەمىنلىگۈچى دۆلەتلەر بولۇپ قالدى ........................ (45)

جۇڭگو - قازاقستان دۆلەت چېگرىسىدا تۆمۈريول توپتوغرا توشۇشتەك تارىخىي
بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ........................ (46)

قازاقستان مەمۇرىي رايونلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ ........................ (46)

تۈركىي تىلى دۆلەت رەھبەرلىرى «تاشكەنت خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى ........................ (47)

قازاقستان كىچىك تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىسىغا ئېھتىياجلىق ........................ (49)

موڭغۇلىيە جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆمۈر قېزىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ........................ (21)

# قازاقىستان تۇرۇبا يولى ترانسپورتى ئارقىلىق نېفىت ئېكسپورت قىلىش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى

قازاقىستان تۇرۇبا يولى ترانسپورتى ئارقىلىق نېفىت ئېكسپورت قىلىش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ۋە ئېكسپورت نورمىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، 1996-يىلى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى تۆۋەندىكىدەك قارارنى چىقاردى:

1. قازاقىستان ھۆكۈمىتى نېفىت - تەبىئىي گاز سانائەت مىنىستىرلىكى تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشى كېرەك:

1996-يىلىنىڭ 4-پەسلىدىن باشلاپ قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي خىزمەت مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە نېفىتنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق توشۇش ۋە سۇيۇق گاز ئېكسپورت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سېتىش زاۋۇتلىرى، ئورگانلىرى، بولۇپمۇ شىركەتلەشكەن كارخانىلارغا قارىتا نورما بەلگىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت تەقسىمات لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىشى، 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي خىزمەت مىنىستىرلىكى، «نېفىت ترانسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» پاي شىركىتى بىلەن بىرلىكتە قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېكسپورت نورمىسىنىڭ تەقسىمات پىكرىگە دائىر دوكلاتنى سۇنۇشى كېرەك. ئىراق ۋە يېقىن خوشنا دۆلەتلەرنىڭ تۇرۇبا يولى ئارقىلىق توشۇلىدىغان نېفىت ھەم تەبىئىي گازلىرىنىڭ 1997-يىللىق توشۇش مىقدارىنى ھەر بىر تەمىنلىگۈچى، شۇنداقلا شىركەتلەشكەن كارخانىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى كېرەك؛

1996-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى خەلقئارا ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز كېڭەش مەجلىسىنى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەن بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك چېگرا ئاتلىغان توشۇش ھەققىنىڭ باھا كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك؛

ھەر پەسلىدە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت مىنىستىرلىكىنى قازاقىستان ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تەبىئىي گازنىڭ توشۇلۇش مىقدارى ۋە توشۇش ھەققىگە دائىر دوكلات بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

2. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي خىزمەت مىنىستىرلىكى تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشى كېرەك:

نېفىتنىڭ ئېكسپورت مىقدارى، شۇنداقلا چېگرىدىن توشۇلغان تەبىئىي گاز مىقدارىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەرگە تەقسىم قىلىنىدىغان نورما كۆرسەتكۈچى قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات يىلىنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك؛

1997-يىلى 1-پەسلىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە دۆلەت كومىتېتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېكسپورت نورمىسىنىڭ كىم ئارتۇق سودىسىنى تەشكىللەش، كىم ئارتۇق سودىسىنىڭ پروگراممىسىنى يۈرگۈزۈش، كىم ئارتۇق سودىسىغا مەسئۇل بىرژىلارغا پۈتۈن ھوقۇقلۇق ھاۋالە قىلىش جەھەتلەردىكى پىكىر دوكلادىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. (داۋامى 7-بەتتە)

# قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1997-يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى

## تاشقى قەرز پۇلنى ئىشلىتىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات

### ئالمۇتا-قاراغاندا-ئاقمولا-بوروۋوي تاشيولىنى ياساش

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: ئالمۇتا-قاراغاندا-ئاقمولا-بوروۋوي تاشيولىنىڭ گۈلشات-ئاقچاتاۋ قىسمىنى ياساش (ئۇزۇنلۇقى 192 كىلومېتىر)؛ ياساپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىدىغان تاشيول ئاسراش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قاتناش مىنىستىرلىكى تاشيول ئىدارىسى.

قەرز پۇل بېرىش كېلىشىمى 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىمزالانغان، پۇلنى ئىشلىتىش پىلانى قازاقستان دۆلەتلىك پارلامېنتقا يوللاندى.

### دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول ياساش

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: دۆلەت دەرىجىلىك تاشيولنى ياساش ۋە قەرەللىك ئاسراش؛ تاشيولنى ئاسراش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قاتناش مىنىستىرلىكى تاشيول ئىدارىسى.

### ئېرتىش دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياساش

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات فوندى تەشكىلاتى.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: سېمىپالاتىنسكى شەھىرىدىكى ئېرتىش دەرياسىدا بىر تاشيول كۆۋرۈكىنى سېلىش (كۆۋرۈك ئالدىدىكى ستېرېئولوق ئۆتۈشمە يولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېمىپالاتىنسكى شەھىرىنىڭ ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئېرتىش دەرياسى كۆۋرۈكىنى 1960-يىلى سالغان. بۇ كۆۋرۈك ئوبلاست ۋە شەھەرنىڭ يولۇچى ۋە مال توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى قازاقستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىبىرىيىگە بارىدىغان ماشىنا تىرانسپورت ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست باشلىقى.

بۇ پىلاننىڭ تېخنىكىلىق سۆھبىتى 1997-يىلى 1-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان. كېلىشىم 1997-يىلى 2-ئايدىن 3-ئايغىچە ئىمزالىنىدۇ، دېيىلگەن.

### ئارال دېڭىزىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات بانكىسى.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: ئىچىدىغان سۇنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلام سەھىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سەھىيە ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قىزىل ئوردا ئوبلاستى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ياخشىلاش؛ قانۇن-قائىدىلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بۇ رايوننىڭ ئىچىدىغان سۇ ھەمدە سەھىيە ساقلىقىنى ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە بۇ پىلانغا مۇۋاپىق مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: قازاقستان جۇمھۇر-

يىتى سۇ بايلىقى كومىتېتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات بانكىسى ئارال دېڭىزى رايونىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 8 مىليون 60 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىغان سۇنى تازىلايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 5 مىليارد فرانك بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەرەپ دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۇۋەيت فوندى تەشكىلاتى 1 مىليون 250مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات بانكىسى بېرىدىغان قەرز پۇل يېتىپ كەلگىچە بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئىشلىتىدۇ.

**سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش**

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات بانكىسى.

ئارال دېڭىزى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئۈزلۈكسىز قۇرۇپ كەتتى. بولۇپمۇ قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ئارال رايونى ۋە كازالىن رايونلىرى بۇ خىل زىيانغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىدى.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: ئاھالىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى تېزلىكتە ياخشىلاش؛ سۇ بىلەن تەمىنلەش پىلانىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ۋە ئەمەلىلەشتۈرۈش جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، زور كۆلەمدە سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئارال دېڭىزى رايونىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش، تازىلىق شارائىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ياخشىلاش؛ قۇرۇلۇش ھېساباتىنى ۋە خەبەردار چاقىرىش خىزمەتلىرىنى ۋاقتىدا ئىلگىرى تاماملاش، زور كۆلەمدە سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنىڭ ئەمەللىشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سۇ بايلىقى كومىتېتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق گۈللەندۈرۈش تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1996-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە ئالمۇتا شەھىرىدە قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالاش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان.

**ئالمۇتا شەھىرىنىڭ پاسكىنا سۈيىنى تازىلاش**

قەرز بەرگۈچى تەرەپ: فىرانسىيە.

بۇ پىلاننىڭ مەقسىتى: ئالمۇتا شەھىرىنىڭ پاسكىنا سۇ تازىلاش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش، بۇنىڭ ئىچىدە ئالمۇتا رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قۇرۇلغان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىمۇ بار.

قەرز ئالغۇچى تەرەپ: ئالمۇتا شەھىرى باشلىقى.

بۇ پىلان تەييارلىق مەزگىلىدە تۇرماقتا.

قۇرۇلۇش تۈرى جەدۋىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدىكى تۈرلەر ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تۈرگە ھۆكۈمەتنىڭ خام چوتىغا ئاساسەن قازاقىستان ئىمپورت-ئېكسپورت بانكىسى تەرىپىدىن قەرز پۇل بېرىلىدۇ. 15 تۈرنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 3 مىليارد 400 مىليون تەڭگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 12 تۈرگە سىرتتىن قەرز ئېلىنىدۇ.

قازاقىستان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېلېكتر كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئېلېكتر كۈچى بىلەن تەمىنلەش يېتەرسىز بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەتتە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە

توك چىقىرىش ئىقتىدارى 117 مېگاۋات كېلىدىغان شۇربىن سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار؛ توك چىقىرىش ئىقتىدارى 30 مېگاۋات كېلىدىغان ئاقتۆبە مەركىزىي تېرمو ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا تۇربىنا قۇراشتۇرۇش؛ جەنۇبىي قازاقىستان رايونى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سۇپىسىغا ئۈستى ئوچۇق توك تەقسىملەش ئۈسكۈنىسىنى ئورنىتىش؛ توك چىقىرىش ئىقتىدارى 525 مېگاۋات كېلىدىغان ئېكىباستۇز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 2_ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا 3_نومۇرلۇق تۇربىنا ئورنىتىش؛ ئېكىباستۇزدىن ئاگادىرغىچە بولغان ئارىلىقتا 1150 كىلوۋاتلىق يۇقىرى بېسىملىق لىنىيە تارتىش قاتارلىقلار.

رەڭلىك مېتال خام ئەشيا بازىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي قازاقىستان مالىيىۋا قوغۇشۇن ۋە سىنىك كانىغا ھەمدە قىزىل ئوردا ئوبلاستى سالكى كانىغا قەرز پۇل بېرىلىدۇ. ئۈست-كامېنوگورسكى ماگنىي-تىتان بىرلەشمە كارخانىسىغا رودا ئېرىتىش ئىككىنچى پېچىنى قۇرۇش بەلگىلەندى.

پاۋلودار شەھەرلىك ئاپتوموبىل كران زاۋۇتىنى قۇرۇپ، كران يەلكىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئۇزارتىپ - قىسقارتالايدىغان ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاپتوموبىل كرانىنى ئىشلەپچىقارماقچى.

قازاقىستاننىڭ تۆمۈريول ترانسپورتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان يەر ئوتاردىن بۇرۇندايغىچە بولغان 153 كىلومېتىر كېلىدىغان يول بۆلىكىدىكى ئېلېكترلەشكەن تۆمۈر يول بولۇپ، بۇ تۈرنىڭ ئىشلىتىلىشى ترانسپورت تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ ترانسپورت ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ.

قاراتاۋدا ھازىر ئىش باشلىغان، 1 مىليون جوپ ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىرلەشمە كارخانا زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، پاۋلودار شەھىرىدىكى بىر قېتىملىق شپرىس ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

جۇمھۇرىيەت بېكىتكەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇھىتنى قوغداش رولى بار 39 تۈرنىڭ پىلان نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت 2 مىليارد 500 مىليون تەڭگە ھەقسىز قەرز پۇل بېرىشنى قارار قىلدى. قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي سانى 1996_يىلىنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 400 مىليونغا يېقىن تەڭگىنى «ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئارال دېڭىزى بويىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش پىلانى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ئۇزۇن مەزگىل مۇقىم ھالدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئارال دېڭىز رايونى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چەت-ياقا جايلارنىڭ 18 سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرىگە پۇل قەرز بەرمەكچى، بۇنىڭ ئىچىدە 5. 171 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسىغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 540 مىليون تەڭگىدىن ئاشىدۇ.

بۇ يىل ئورال ئاگراۋ ئوستېر بېلىقىنى ئۆستۈرۈش مەيدانىنى قۇرماقچى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كاسپىي دېڭىزىدا ئوستېر بېلىقىنى كۆپەيتىپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش پىرىنسىپى ئاستىدا، بېلىق تۇتقۇچىلارغا يىللىق ئوستېر بېلىقىنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر تەبىئەتنى قوغداشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

تالگار شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلارنىڭ لاتقا-شېغىللىق ئېقىن ئاپىتىگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ تالگار دەرياسىغا لاتقا شېغىللىق ئېقىندىن مۇداپىئەلىنىدىغان توسما قۇرۇشنى قارار قىلدى.

يېزىلارنىڭ مائارىپ خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئالمۇتا ۋە غەربىي قازاقىستاندا بىردىن 320 ئادەم ۋە 204 ئادەم ئوقۇيدىغان مەكتەپ سېلىشنى قارار قىلدى.

قازاقىستان فاراب خەلق داشۆسى ۋە ئاقتۆبە تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ تەجرىبە بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۇل ئاجرىتىپ چىڭ تۇتماقچى.

ھۆكۈمەت 706 مىليون تەڭگە ئاجرىتىپ سەككىز سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش تۈرى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ، كازتالوۋ ۋە كازكورت بازارلىرىغا قۇرىدىغان ئىككى رايونلۇق دوختۇرخانا ۋەزىپىسىنى داۋاملىق تاماملاشنى؛ مويىنقۇم بازىرىغا زامبىل رايونلۇق ئامبۇلاتورىيە، قارا تۆبە بازىرىغا غەربىي قازاقىستان رايونىنى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىسىنى قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆسمۈرلەر بولۇپمۇ كۆپ بالىلىق ۋە تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىنچىلىق بولغان ئائىلىلەر بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ جۇمھۇرىيەتلىك ئۆسمۈرلەر ساقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

قازاقىستاننىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى مۇختار ئاۋئازوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئالمۇتا شەھرىدە ئاۋئازوۋ خاتىرە سارىيىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۇل ئاجرىتىشنى قارار قىلدى.

ھۆكۈمەت يەنە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان چېگرا سىزىقىدا چېگرا ئېغىزى قۇرۇشنى ھەمدە مۇناسىپ تېخنىكىلىق ئەسلىھەلەرنى سەپلەشنى، شۇنىڭ بىلەن تاموژنىنىڭ ھەر تۈرلۈك كىرىملىرىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى پۇل مۇئامىلىسىنى نازارەت قىلىش كومىتېتى، بۇ قاراردا بېكىتكەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە پۇل ئىشلىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

گۈلقىز ئارىپ (ت)

(بېشى 3-بەتتە)

1996-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانىدىكى پىلان تەڭشەش قىسمىنىڭ 1997-يىلىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توشۇش ھەققى ۋە مونوپولىيىگە قارشى سىياسىتىگە نىسبەتەن ئۆزگەرتىشكە دائىر پىكىر دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى تاموژنا كومىتېتى 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، قولىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت كومىتېتى تارقاتقان ئېكسپورت نورمىسى ئىسپاتى بار بولغانلارنى ھەم نېفىت ۋە تەبىئىي گاز توشۇشنى كۆتۈرە ئالغۇچىلارنى قازاقىستاندىن نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېكسپورت قىلىشتا كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شتويېك. گ بۇ قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ قارارنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى زۇڭلىسى ئا. كاژگىلىكىن ئىمزا قويۇپ تارقاتقان. (03)

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ دۆلەت نامى ۋە ئۇنىڭ چەت ئەل تىلىدا قوللىنىلىشى

| دۆلەت نامى ۋە قىسقارتىپ ئاتىلىشى | چەت ئەل تىلىدا قوللىنىلىشى ۋە قىسقارتىپ ئاتىلىشى |
| --- | --- |
| قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى<br>قازاقىستان | РеспуБлика казакстан<br>казакстан |
| ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى<br>ئۆزبېكىستان | РеспуБлика УзБекстан<br>УзБекстан |
| قىرغىز جۇمھۇرىيىتى<br>قىرغىزستان | Киргызская РеспуБлика<br>Киргызстан |
| تۈركمەنىستان | Туркменстан |
| تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى<br>تاجىكىستان | РеспуБлика Таджикистан<br>Таджикистан |

بۇ ماتېرىيال تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ دۆلەت نامى ۋە چەت ئەل تىلىدىكى قوللىنىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بۇ ناملارنى قېلىپلاشتۇرۇپ قوللىنىشىنى سورايمىز.

ئىلدان ئىسھاقوۋ تەييارلىغان (02)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى يەر بايلىقى ئەھۋالى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر كۆلىمى 272مىليون 500 مىڭ گېكتار (1996ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 1ـ كۈندىكى ماتېرىيال) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلەتكىلى بولىدىغىنى 222 مىليون 200 مىڭ گېكتار. يېزا ئىگىلىكىگەئىشلىتىدىغان يەرلەرنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يېرى 31 مىليون 900 مىڭ گېكتار، كۆپ يىللىق ئورمان 100 مىڭ گېكتار، ئاق قالغان يەر 2مىليون 800 مىڭ گېكتار، چۆپ يىغىۋېلىنىدىغان يەر 5 مىليون 100 مىڭ گېكتار، ئوتلاق 182 مىليون 300 مىڭ گېكتار، قازاقىستان دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ كىشى بېشىغا 13 گېكتار يېزا ئىگىلىك يېرى، ئىككى گېكتار تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكىگەئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ 2مىليون 300 مىڭ گېكتارى ئۆلكە يەر بولۇپ، 1مىليون 800مىڭ گېكتارى تېرىلغۇ يەر، 100 مىڭ گېكتارى كۆپ يىللىق ئورمان.

يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر دۆلەت ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 71.6%نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت پۇقرالىرى، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىك يېرىنىڭ 78.1%نى ۋە تېرىلغۇ يەرنىڭ 98.4%نى ئىگىلىگەن. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13.4% ۋە 17.2%.

ئاھالىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا 91 مىليون 200 مىڭ گېكتار يەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7%نى ئىگىلەيدۇ. سانائەت، قاتناش، ئالاقە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە باشقىلارغا 71 مىليون 400 مىڭ گېكتار (6.4%نى ئىگىلەيدۇ) يەر ئىشلىتىلگەن. تەبىئىي قوغداش، ساناتورىيە، ساقلىق ساقلاش ۋە تارىخىي، مەدەنىي خاتىرە ئورۇنلىرى ھەم كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىغا 900 مىڭ گېكتار (0.3%نى ئىگىلەيدۇ) يەر ئىشلىتىلگەن، ئورمان 10 مىليون 900 مىڭ گېكتار (4%)، سۇ مەنبەلىرى 900 مىڭ گېكتار (0.3%) يەرنى ئىگىلىگەن.

يەر زاپىسى 28 مىليون گېكتار بولۇپ، دۆلەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.4%نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلەتكىلى بولىدىغىنىمۇ ئاز ساندىكى چۆللۈك تېپىدىكى سۇغىرىلىدىغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇپراقنى ئېچىپ ئېرىقچىلىق قىلىشقا زور راسخوت كېتىدىغانلىقتىن، ئۇنى يېقىن ئارىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كېرەكلىك زاپاس يەر قىلىشقا بولمايدۇ.

تۇپراق سۈپىتىنىڭ كۆپ خىللىشىش ئامىللىرى ۋە تۇپراق كۈچى بىلەن يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن يەرلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى بېكىتىش كېرەك.

ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇسىغا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۇغىرىلمايدىغان يەرلەر 21 مىليون 800 مىڭ گېكتار بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان

يەرنىڭ ئاران 9.7%نى ئىگىلەيدىكەن، ئۇنىڭ 18 مىليون گېكتارى تېرىلغۇ يەر ئىكەن. شورلۇق يەرلەرنى پىشۇرۇش، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە سۇ بىلەن شامالنىڭ يېمىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان باشقا يەرلەرگە مەلۇم سۇغىرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئىچىدە شورلۇق يەر 93 مىليون 500 مىڭ گېكتار بولۇپ، 24%نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ 8 مىليون 500 مىڭ گېكتارى تېرىلغۇ يەر (تېرىلغۇ يەرلەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 26,2%نى ئىگىلەيدۇ.

قازاقىستاننىڭ يەر بايلىقى مەنبەلىرى ئىچىدە مەلۇم ساندىكى مېخانىك ھالدا تۈزۈلگەن يەرلەر بار. يەنە بىر قىسمى كاربونات مىقدارى يۇقىرى تۇپراق بىلەن كاربونات مىقدارى ئوتتۇراھال تۇپراقنىڭ مېخانىك بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇ، تۇپراقنى قوغداش تېخنىكىسى قوللىنىلمىغانلىقى، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئىسراپخورلۇق بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە كېلىماتنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن يېمىرىلىش كېلىپ چىققان، يېمىرىلمىگەن يەر 26 مىليون 700 مىڭ گېكتار ( ) 11.9%غا يەتكەن. بۇنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ گېكتارى ( 4.8%) تېرىلغۇ يەر.

ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرى يەرنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتكەنلىكتىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان يايلاق 1990-يىلى 14 مىليون 800 مىڭ گېكتارغا، 1996-يىلى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ 24 مىليون 100 مىڭ گېكتارغا يەتكەن.

يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى يەنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يەر بايلىقى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن ئىبارەت. قازاقىستاننىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلىرىنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 14.3%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما ھالىتى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ھېسابلانمايدۇ. شۇڭلاشقا تېرىغىلى بولىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، سۈپىتى ناچارراق يەرلەرنىمۇ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ناھايىتى تۆۋەن بولغان شورلۇق ، شېغىللىق، قۇملۇق، يېمىرىلگەن ۋە تاشلىق يەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ۋە قۇرۇلما ھالىتىنى ماس سۇغىرىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ياخشىلاش لازىم.

يېقىنقى بەش يىلدا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە كىرگۈزۈپ ھېسابلانمىغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى 1990-يىلىدىكى 35 مىليون 500 مىڭ گېكتاردىن ئازلاپ 1996-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە 31 مىليون 700 مىڭ گېكتارغا چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاق تاشلىۋېتىلگەن يەرلەر 184 مىڭ 700 گېكتاردىن كۆپىيىپ 2 مىليون 814 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى.

قازاقىستان ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 80%ى دېگۈدەك قازاقىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قارا تۇپراق ۋە قارا چىلان تۇپراقلىق يەرلەردىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك خىمىيە سانائىتى مۇلازىمەت تارماقلىرى، تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تېرىلغۇ يەرلەردىكى ھەر يىلى زىيانغا ئۇچرايدىغان، قايتۇرىۋالغىلى بولمايدىغان ئوزۇقلۇقلار 2 مىليون 500 مىڭ تونىنىغا

يېتىدىكەن. 1996ـ يىلى 1 مىليون 100 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە 33 مىليون توننا ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىلگەن. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوغۇت ئىشلىتىش ئەھۋالى ئىلگىرىكىگە يەتمەيدىغان بولۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇت 360 مىڭ توننىغا، ئورگانىك ئوغۇت 1 مىليون 100 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالغان.

ھازىرقى سۇغىرىلىدىغان يەرلەرنىڭ 40%نىگە سۇغىرىش تورى تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ، تۇپراق شارائىتى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلىنىشنى ياخشىلاش لازىم.

قازاقىستان تېررىتورىيىسىدە 143مىڭ گېكتار كۆپ يىللىق ئورمان بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مېۋە ئورمىنى 108 مىڭ 300 گېكتار يەرنى، ئۈزۈملۈك 20 مىڭ 300 گېكتار يەرنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كولخوز ۋە سوۋخوزلارنىڭ كۆپ يىللىق ئورمان كۆلىمى كۆرۈنەرلىك ئازىيىشقا باشلىدى. 1975ـ يىلدىن 1992ـ يىلغىچە بولغان 17 يىلدا مۇشۇ دېھقانچىلىق گەۋدىلىرىدىكى كۆپ يىللىق ئورمان كۆلىمى 11 مىڭ گېكتار ئازىيىپ كەتتى. لېكىن كۆپ يىللىق ئورمان ئومۇمىي ئىگىلىكىدىكى تەركىب (كولخوز ۋە سوۋخوزلار) دائىرىسىدە ئازىيىپ، يەككە ئىگىلىك تەركىبىدە كۆپىيىپ، ئازىيىش بىلەن كۆپىيىش ئاساسەن تەڭلەشتى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا شەخسلەرنىڭ مېۋىلىك ئورمىنى 32 مىڭ 500 گېكتاردىن 112 مىڭ گېكتارغا كۆپەيدى.

قازاقىستاننىڭ چارۋىچىلىق يېرى خېلى كۆپ، ئۇنىڭ 75%ى چۆللۈك ۋە يېرىم چۆللۈك تېپىدىكى ئوتلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يازلىق يايلاق 35.1%نى، كۈزلۈك، ئەتىيازلىق ئوتلاق 40.7%نى، پۈتۈن يىللىق يايلاق 14.9%نى ئىگىلەيدۇ.

چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ھەددىدىن ئارتۇق ۋە تەرتىپسىز پايدىلىنىلغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى روشەن تۆۋەنلەپ، 60%—50% ئوت تورى كۆرۈنەرلىك ناچارلاشتى.

سۈپىتى ياخشىلانغان، ئوت-چۆپى يىغىۋېلىنغان يەرلەرنىڭ نىسبىتى ناھايىتى ئاز (3%) بولغانلىقتىن، يىلتىز سىستېمىسى ۋە يەر يۈزىنى ياخشىلاش خىزمىتى ناھايىتى ئاز ئىشلىنىپ، كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك يايلاقلارنىڭ (مال بېقىلىدىغان) چۆپى شالاڭلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قېرىپ، ھوسۇلى تۆۋەنلەپ كەتتى.

كۆپ يىللىق ئوت-چۆپ ۋە تۈنجى قېتىم دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغان ئوتلاقلارنىڭ يەر كۆلىمى مىليون گېكتاردىن ئاشتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھازىرغىچە ئوت-چۆپى يىغىۋېلىنىدىغان 6 مىليون گېكتار يەرنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىپ بولغان.

سۇغىرىلىدىغان ئوتلاقلار چارۋىچىلىق يېرىنىڭ 68%نى ئىگىلەيدۇ. يېقىنقى بەش يىلدا ئۇ ھېچقانچە كۆپەيمىدى. نۇرغۇن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرى ۋە قۇدۇق، تورۇبا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تېخنىكا مۇلازىمىتى قىسقارتىلغانلىقتىن، شۇنىڭدەك تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېخنىكا تەدبىرلىرى قوللىنىلمىغانلىقتىن ۋە ئۇلارنى ئەسلىدىكى نورمال ھالەتتە ئىشلىتىپ بولالمىغانلىقتىن، چارۋىچىلىق يەرلىرى ئۆزلۈكسىز ئازىيىپ، پەقەت سۇ توپلانغان رايونلارغا مەركەزلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ سۇغىرىلىدىغان ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

يېقىنقى ئون يىلدا ئوت-چۆپ ئورۇلىدىغان ئوتلاقنىڭ كۆلىمى 657 مىڭ 700 گېكتار ئازلاپ، 5 مىليون 100 مىڭ گېكتار قالدى. سۇ

قۇرۇلۇشلىرى ۋە دەريا، كۆل سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش سۇيى كەمچىل رايونلارنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، سۇيى كەمچىل رايونلارنى يايلاقلارغا ئايلاندۇردى. سىر دەرياسى ۋە چۇ دەرياسى رايونىدىكى ئەسلىدىكى قومۇشلۇق، سازلىقلار ۋە ئوت-چۆپى ئورۇلىدىغان يەرلەر ئاستا-ئاستا يوقىلىپ ئورال دەريا جىلغىلىرى تېزلا قاقاسلىققا ئايلاندى.

سازلىقلارغا ئېرىتىش دەرياسىدىن ئەتىيازدا قويۇپ بېرىلىدىغان سۇ ئازايتىلغانلىقتىن، بۇ رايوندىكى ھەر گېكتار يەردىن ئورۇۋېلىنىدىغان چۆپ ئىلگىرىكى 2000 كىلوگرامدىن ئازىيىپ 400-500 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

ھەر خىل تىجارەت پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇستىنى ئېچىپ رودا قېزىش، بوزۇلغان يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە ئاستىلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، بوزۇلغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى يەنىلا ئەسلىدىكى 182 مىڭ 100 گېكتارلىق سەۋىيىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە تاشلىۋېتىلگەن يەر 70 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. بۇ خىل يەرلەر ئاساسلىقى سانائىتى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا، مەسىلەن: قاراغاندا، پاۋلودار، قوستاناي، ئاقتۆبە ۋە جېزقازغان قاتارلىق ئوبلاستلارغا مەركەزلەشكەن.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئالاھىدىلىكى، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ يەرنىڭ تۇپراق ھالىتىنى ياخشىلاش ۋە يەرگە بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەر مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا، قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىتلار تۇرغۇزۇلۇپ، يەرنىڭ ھەر خىل ئىگىلىك شەكىللىرى ئوڭۇشلۇق ئايلاندۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ ۋە يەرلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۆتكەن بەش يىلدا خەلقنىڭ يەر ئىشلىتىش ئەھۋالىدا ئۆسۈش كۆرۈلۈپ، 1990-يىلىدىكى 295 مىڭ 200 گېكتار يەردىن كۆپىيىپ، 1995-يىلى 482 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى.

قازاقىستاندىكى دېھقانلار (دېھقانچىلىق مەيدانى) نىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. پەقەت 1995-يىلىلا خۇسۇسىي ئىگىلىك تەشكىللىدىن 8600ى قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي سانى 31 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار 13 مىليون گېكتار يەرنى ئۇزۇن يىل ئىشلەتتى ۋە ئىجارىگە ئالدى. ئۇنىڭ 21 مىليون 900 مىڭ گېكتارى يېزا ئىگىلىك يېرى (1 مىليون 400 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغانلىقتىن، كىچىك يېزا ئىگىلىك كارخانىسىدىن 640ى، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 286سى ۋە غەيرىي دۆلەت سودا ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتىدىن 2120سى قۇرۇلدى.

غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكى تەركىبلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان پەيتتە، دۆلەت ئىگىلىكىدە-كى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي تەركىبى يەنىلا زور مىقداردىكى يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرنىڭ 17.5%نى ئىگىلەپ تۇرىۋاتىدۇ.

چوڭ تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى قىسقارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ياردەمچى كارخانىلىرى ھەر يىلى ئاشماقتا. 1996-يىلى

1384كە يەتتى. ئۇلار پايدىلىنىۋاتقان يەر 1 مىليون 900 مىڭ گېكتار (1990ـ يىلى) دىن 20 مىليون گېكتارغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 131مىڭ 900 گېكتاردىن ئېشىپ، 239 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى.

هازىر يەنە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 400 دېھقانچىلىق كولخوزى 14 مىليون 700 مىڭ گېكتار يېزا ئىگىلىك يېرىنى خېلى چىڭ ئىگىلەپ تۇرماقتا. بۇ، 3 مىليون 600 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەر مۇناسىۋەتتى ئىسلاھاتىدا غەيرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق كارخانىلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ يەككە ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ نىسبىتى 1990ـ يىلىدىكى 7.1% دىن جىددىي ئۆرلەپ 1994ـ يىلى 67.3% كە يەتتى.

هازىر يېزىلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى بولغان يەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئىنتايىن ئۆتكۈر مەسىلىگە ئايلاندى. دۆلەت خامچوتىدا تۇپراق ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان راسخوت داۋاملىق ئازايماقتا. كارخانە كەسپىي ئورۇنلىرىمۇ يەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە قوغداش خىراجەتلىرىنى ئازايتماقتا. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تۇپراق قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان قىسقا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك دۆلەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، پىلانغا تۆۋەندىكىلەرنى تولۇق كىرگۈزۈش لازىم.

ـ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى:

ـ خىمىيە ۋە بىئولوگىيە تېخنىكىسىدىن توغرا پايدىلىنىپ، يەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە يايلاقلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق يەر قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش؛

ـ تۇپراق ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەردىكى شورلۇق بۆلەكلەرنى يوقىتىپ، يىمىرىلىشكە قارشى تۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەردە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش؛

ـ زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلەرنى قوغداش تېخنىكىسىنى ياخشىلاش، يەرنىڭ تېرىلىش مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش؛

ـ تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى كۆپ يىللىق چۆپ تېرىلىدىغان ئوتلاققا، ئاق تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەرنى چارۋىچىلىق مەيدانىغا، ئىلگىرى زىرائەت تېرىلغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىمۇ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىش؛

ـ تەبىئىي چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى تەدبىر قوللىنىپ كۆپ يىللىق چۆپ تېرىلىدىغان ئوتلاققا ئايلاندۇرۇش؛

ئوتلاقلار ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان باشقا يەرلەردىكى سۇغىرىش تورى ۋە سۇ مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش. (01)

# قازاقىستاندا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئاھالىلارنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى

«ناچار تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت» نىڭ ئىنسانلار سالامەتلىكىگە بولغان سەلبىي تەسىرى تىبابەتچىلىك ئىلمىدىكى نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردا ئىسپاتلانغان. رەڭلىك مېتال كارخانىلىرىدىكى قالدۇق ماددىلار ـ يۈرەك قان تومۇرى سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەر، نېرۋا قالايمىقانلىشىش، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرىدىغان ئامىل. قارا رەڭلىك مېتال ۋە ئېنېرگىيە كارخانىلىرىدىكى قالدۇق ماددىلار ئۆپكە كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاشۇرىدۇ. خىمىيە سانائەتلىرى ئورۇنلاشقان جايلاردا زىيادە سېزىمچانلىق كېسىلى، ئىچكى ئاجراتما ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى تېخىمۇ زور بولىدۇ، چوڭ شەھەرلەردە ئاتموسفېرا ئازوت ئوكسىدىنىڭ بۇلغىنىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىش ئەزالىرى زەخىمگە ئۇچرايدۇ.

شۇڭا، باشقا كېسەللىكلەرگە قاراپ، بۇ ۋە باشقا رايونلاردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئاھالىلار سالامەتلىكىگەبولغان تەسىرىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىش قىيىن. مەزكۇر ماقالىدىكى سانلىق مەلۇماتلار قازاقىستان 1996ـ يىلى نەشر قىلغان «قازاقىستان ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىك ۋە سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ئورگان پائالىيىتى» تاللانما ئەسەرلىرىدە يېزىلغان ماتېرىياللاردىن ئېلىندى. تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار، 1995ـ يىلى نەپەس ئېلىش ئەزالىرىدا كېسەللىك پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى، مەيلى بىرىنچى قېتىم تىزىمغا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلاردا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ سانى بولسۇن ھەممىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر تۆت ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم نەپەس يولى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان.

1995ـ يىلى، قازاقىستان ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغان رايونلار ـ ئالمۇتا شەھىرى، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى، سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى ۋە قاراغاندا ئوبلاستى قاتارلىقلار. بۇ رايونلاردا قاتناش ترانسپورت، رەڭلىك مېتال ۋە قارا رەڭلىك مېتال كارخانىلىرىنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، ھەتتا يادرولۇق ماددىلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. تىببىي مۇتەخەسسىسلەر قازاقىستاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇبېركۇليوز ۋە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاتىراۋ ئوبلاستى (151)، قىزىل ئوردا ئوبلاستى (114) ۋە غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى (98) قاتارلىق جايلاردا تۇبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى ئاھالىلارنىڭ سۈپەتلىك سۇ ئىچىشكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى ئادەتتىكى نورمال يولغا قويۇش چەكلىمىسىدىنمۇ تۆۋەن، شەھەرلەردە 50%، يېزىلاردا 75% تۆۋەن. بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلار ئىستېمال قىلىدىغان

سوۋېت ئىتتىپاقى كۆرسەتكۈچى ئاساسەن دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە توغرا كەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل «ناچار ئېكولوگىيىلىك مۇھىت» شۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 50% يېرىدىكى ئاھالىلەر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. 1995-يىلىدىن بۇيان، جىددىي خاراكتېردىكى كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن قارىغاندا، كېسەل بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدىغان كەسىپلەر: رەڭلىك مېتال، قارا رەڭلىك مېتال كارخانىلىرى، نېفىت، خىمىيە ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى، رادىئو ئاكتىپلىق خەتەرلىك رايون ۋە ئاپتوموبىل ترانسپورتى قاتارلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىكەن. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، 1995-يىلى جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى(27.4%)، قىزىل ئوردا ئوبلاستى (24.8%) قاتارلىق ئىككى ئوبلاستتا كېسەل بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى، ئالمۇتا شەھىرىدە ئەڭ تۆۋەن بولدى.

قازاقىستاندىكى ئاھالىلەرنى ستاتىستىكا قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، شەرقىي قازاقىستان بىلەن شىمالىي قازاقىستاندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 13.6 ۋە 12.1گە يېتىدىكەن. باشقا ھەر قايسى ئوبلاستلاردا يەنى مانچىستاۋ، جەنۇبىي قازاقىستان، قىزىل ئوردا ۋە ئالمۇتادىن باشقا ئوبلاستلاردا 1995-يىلى ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 9.0-11، پۈتۈن جۇمھۇرىيەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.2 بولدى. قازاقىستاندىكى ئاھالىلەرنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغان رايونلار جېزقازغان ئوبلاستى، غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى، كۆكچېتاۋ ئوبلاستى ۋە سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1995-يىلى ئاھالىلەرنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغان رايونلار: قاراغاندا ئوبلاستى، قوستاناي ئوبلاستى قاتارلىقلار. شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى، شىمالىي قازاقىستان ئوبلاستى ۋە ئالمۇتا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۇغۇلۇش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى. (01)

قازاقىستاندىكى ئاھالىلەرنى ستاتىستىكا

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە سانلىق مەلۇماتلار ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

---

(بېشى 37 - بەتتە) تېخى ھەل قىلىنمىغان بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: روسىيە تاشقى ئىقتىسادىي بانكىسىدىن باشقا، ھازىرغا قەدەر پەقەت روسىيىنىڭ بىرلا بانكىسى، يەنى سانائەت قۇرۇلۇش بانكىسى ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەييارلىق مەھكىمىسى تارقاتقان ئامېرىكىدا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. (01)

## قازاقىستاندىكى ئاھالىلاردا كېسەل پەيدا بولۇش نىسبىتى

(تىزىمغا ئېلىنغان جىددىي كېسەللەر سانى، 100 مىڭ كىشى ھېسابىدا)

| ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ نامى | كېسەل تۈرى، سانى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يۇقۇملۇق ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىدىكى ماددا ئالمىشىش تەڭپۇڭسىزلىشىش | ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكى | نېرۋا سىستېمىسى ۋە سەزگۈ ئەزا كېسەللىكى | قان ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەر | تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرى كېسەللىكلىرى | تۇغما غەيرىي نورمال كېسەللىكلەر | نەپەسلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى |
| ئاقمولا ئوبلاستى | 4046.1 | 398.7 | 681.7 | 4321.8 | 1103.6 | 3073.0 | 103.3 | 19913.6 |
| ئاقتۆبە ئوبلاستى | 3398.2 | 430.4 | 213.4 | 4098 | 1070 | 6014.1 | 74.2 | 20331.4 |
| ئالمۇتا ئوبلاستى | 1759.9 | 343.1 | 125.5 | 4731.5 | 1147.3 | 4400.1 | 111.4 | 23403.4 |
| ئاتروۋ ئوبلاستى | 5360.6 | 353.3 | 263.7 | 3026.3 | 810.6 | 6522.4 | 61.1 | 15545.4 |
| شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى | 4321.8 | 406.5 | 737.9 | 5430 | 1093.5 | 6526.4 | 43.3 | 36058.5 |
| جامبۇل ئوبلاستى | 2960.7 | 576.7 | 147.6 | 5381.4 | 1096.5 | 4378.6 | 144.1 | 19284.4 |
| جېزقازغان ئوبلاستى | 1791 | 162.8 | 568.6 | 6838.4 | 1695.4 | 4834.9 | 122.3 | 19803.2 |
| غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى | 2800.4 | 297.6 | 337.9 | 5278 | 1000.1 | 6012.7 | 86.9 | 18147.1 |
| قاراغاندا ئوبلاستى | 2388.7 | 422.3 | 319.7 | 5711.8 | 797.3 | 6266.1 | 90.4 | 28560 |
| قىزىل ئوردا ئوبلاستى | 3177.4 | 688 | 326.9 | 4717.9 | 1041.4 | 6026.8 | 55.7 | 14756.3 |

| ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ نامى | كېسەل تۈرى، سانى | | | | | | | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| | يۇقۇملۇق ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى | ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىدىكى ماددا ئالمىشىش تەڭپۇڭسىزلىشىش | ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكى | نېرۋا سىستېمىسى ۋە سەزگۈ ئەزا كېسەللىكى | قان ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەر | تېرە ۋە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرى كېسەللىكلىرى | تۇغما غەيرىي نورمال كېسەللىكلەر | نەپەسلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى |
| كۆكچېتاۋ ئوبلاستى | 2003.2 | 284.2 | 200.8 | 5903.7 | 1342.1 | 4068 | 65.6 | 19870.5 |
| قوستاناي ئوبلاستى | 1881.5 | 225.4 | 713.7 | 3210.3 | 799 | 3595.9 | 52.1 | 15829.4 |
| مانگىستاۋ ئوبلاستى | 4013.3 | 442.5 | 276.2 | 4772.4 | 1104.1 | 5334 | 87.2 | 21205.6 |
| پاۋلودار ئوبلاستى | 2222.1 | 325.9 | 334.5 | 4618.3 | 995.8 | 4241.3 | 93.8 | 24186.4 |
| شىمالىي قازاقىستان ئوبلاستى | 2519.9 | 244.1 | 506.9 | 3238.4 | 646.6 | 2436.3 | 54.7 | 15913.5 |
| سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى | 3297.7 | 482.4 | 305.1 | 8010.9 | 1295.6 | 6729.9 | 88.4 | 28863 |
| تالدى قورغان ئوبلاستى | 2823.2 | 330.8 | 443 | 3799.2 | 884.6 | 3957.9 | 68.8 | 11566 |
| تورغاي ئوبلاستى | 1506.3 | 179.9 | 195.7 | 2335.6 | 570.3 | 3080.2 | 44.65 | 10131.5 |
| جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى | 2006.4 | 325.6 | 117.4 | 2479.1 | 754.8 | 2156.5 | 57.6 | 12609.4 |
| ئالمۇتا شەھىرى | 4511.1 | 783 | 1165 | 3931.9 | 2090.7 | 5884.1 | 255.6 | 46827.9 |
| قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى | 2868.3 | 398.8 | 405.4 | 4864.4 | 1068.2 | 4844.8 | 92.1 | 22025.7 |

# روسىيىنىڭ 1996ـ يىللىق تاشقى سودا ئەھۋالى

تاموژنا ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، روسىيىنىڭ 1996ـ يىللىق تاشقى سودا سوممىسى 129 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ (بۇ تەشكىلسىز سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 1995ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 3.9% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 84 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 7.7% ئاشقان. ئىمپورت سوممىسى 45 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 2.5% ئازايغان.

**تاشقى سودا بالانسى:**

1996ـ يىللىق خەلقئارا ئىمپورت-ئېكسپورت سودا ئاكتىپ بالانس پەرقى 39 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1995ـ يىلىنىڭ بولسا 31 مىليارد 800 مىليون دوللار ئىدى.

تاشقى سودا سوممىسى ئىچىدە، يىراق چەتئەللەر بىلەن بولغان تاشقى سودا سوممىسى 77.1% نى ئىگىلەيدۇ، 1995ـ يىلى بولسا 77.6% ئىدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن تاشقى سودا سوممىسى 22.9% نى ئىگىلەيدۇ، 1995ـ يىلى بولسا 22.4% ئىدى.

1996ـ يىلى روسىيىنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى ئۇكرائىنا بولۇپ، ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 10.7% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سودا شېرىكلىرى: گېرمانىيە - 9.1%، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى - 5.9%، بېلورۇسىيە- 4.5%، جۇڭگو- 14.4%، قازاقىستان - 4.3%، ئىتالىيە - 4.0%، ئەنگلىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە 3.3% بولغان. بۇنى 1995ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىرىش بولمىغان.

روسىيىنىڭ 1996ـ يىللىق ئېكسپورت سودا قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 46.7% نى (1995ـ يىلى 40% ئىدى)، قارا ۋە رەڭلىك مېتاللار 16.5% نى (1995ـ يىلى 16.9%)، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 9.6% نى (1995ـ يىلى 10.1%) ئىگىلىگەن.

ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار يەنىلا خام نېفىت (ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 18.5% نى ئىگىلەيدۇ) ۋە تەبىئىي گاز (ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 17.2% نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، 1995ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا خام نېفىتنىڭ ئەمەلىي ئېكسپورت مىقدارى 0.3%، تەبىئىي گاز 2.0% ئازايغان.

روسىيىنىڭ ئىمپورت سودىسىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بولۇپ، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 31.8% نى ئىگىلىگەن. ئۇندىن قالسا يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان خام ماتېرىياللار يەنىلا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەن.

**يىراق چەتئەللەر بىلەن ئىمپورت-ئېكسپورت سودىسى:**

روسىيىنىڭ يىراق چەتئەللەر بىلەن قىلغان 1996ـ يىللىق ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 100 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995ـ يىلىغا قارىغاندا 3.3% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 68 مىليارد 800 مىليون دوللار بولۇپ 7.8% ئاشقان، ئىمپورت سوممىسى 31 مىليارد 300 مىليون

دوللار بولۇپ %5.5 ئازايغان.

**تاشقى سودا پەرق سوممىسى:**

روسىيىنىڭ 1996-يىللىق تاشقى سودا پەرق سوممىسى ئاكتىپ پەرق بولۇپ جەمئىي 37 مىليارد 500 مىليون دوللار بولغان، 1995-يىلى بولسا 30 مىليارد 600 مىليون دوللار ئىدى.

روسىيىنىڭ 1996-يىلى يىراق چەتئەللەر بىلەن بولغان سودىسىدا يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %46.3نى ئىگىلىگەن، 1995-يىلى بولسا %39.2 ئىدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىممىتى %28 ئۆسكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنغان ئەمەلىي مەھسۇلات مىقدارى %8، ئېكسپورت باھاسى %18 ئاشقان. 1996-يىلى دۇنيانىڭ يېقىلغۇ ئېنېرگىيە بازار ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشى روسىيىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. 1996-يىلى نېفىتنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1995- يىلىغا قارىغاندا %22، نېفىت مەھسۇلاتلىرى %25، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر %9 ئاشقان. نېفىتنىڭ ئەمەلىي ئېكسپورت مىقدارى %5، نېفىت مەھسۇلاتلىرى %26، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر %4 ئاشقان، كۆمۈر %3 ئازايغان.

1996-يىلى ئېكسپورت قىلىنغان قارا مېتال 1995 - يىلىغا قارىغاندا %10، مىس %13، نىكېل %9، ئاليۇمىن %16 ئاشقان. 1996 - يىلى يىراق چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە قارا ۋە رەڭلىك مېتالنىڭ نىسبىتى %19 بولغان، 1995 - يىلى بولسا %19.4 ئىدى.

1996 - يىلى ئېكسپورت مىقدارى ئازايغان مەھسۇلاتلار: تۆمۈر رودىسى %31، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ياغاچ %13، ھەرىلەنگەن ياغاچ %9، پەنەركە %11، قەغەز بوتقىسى %19، گېزىت - ئاخبارات قەغىزى %15، ئاممىياك %4، مېتىل ئالكوگول %40، كالىي ئوغۇتى %16، ۋودكا %18.

1996-يىلى ئېكسپورت قىلىنغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 1995-يىلىغا قارىغاندا %5 ئېشىپ، يىراق چەتئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا %8.1نى ئىگىلىگەن.

روسىيە يىراق چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلار ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىدا %37.3نى ئىگىلىگەن، بۇنى 1995-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا %9 ئازايغان.

ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئەمەلىي مىقدارى 1995-يىلغا قارىغاندا ئازايغان مەھسۇلاتلار: قۇش گۆشى %9، قويۇلدۇرۇلغان سۈت ۋە سۈت پاراشوكى %52، ئاق ماي %50، ماندارىن %7، كاكاۋۇ %4، چاي %31، ئاپتاپپەرەس مېيى %52، گۆش كونسېرۋىلىرى %63، ئاق شېكەر %61، شاكالات مەھسۇلاتلىرى %40، ئىسپىرتلىق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر %63، رەخت ۋە توقۇلما كىيىم-كېچەكلەر %41، ئۆي جاھازلىرى %29 دىن ئىبارەت.

ئىمپورت قىلىنغان ماللار ئىچىدە ئاشقانلىرى: يېڭى توڭلىتىلغان گۆش %8، بېلىق تورلىرى %17، ئاشلىق %59، شېكەر خامئەشيالىرى %44، خورۇم ئاياغ كىيىملەر %77، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشقا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى دورىلار %62 ۋە قارا رەڭلىك مېتاللار %22تىن ئىبارەت.

1996-يىلى روسىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى 11 مىليارد 900 مىليون دوللار بولۇپ 1995-يىللىق سوممىنىڭ %93 گە توغرا كېلىدۇ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ 7 مىليارد 700 مىليون دوللار بولۇپ، 1995-يىللىق سوممىنىڭ %110گە، جۇڭگونىڭ 5 مىليارد

700 مىليون دوللار بولۇپ، 1995_يىلىنىڭ 135% ىگە، ئىتالىيىنىڭ 5 مىليارد 200 مىليون دوللار بولۇپ، 1995_يىلىنىڭ 99% ىگە، گوللاندىيىنىڭ 4 مىليارد 300 مىليون دوللار بولۇپ 89%كە، ئەنگلىيىنىڭ 4 مىليارد 300 مىليون دوللار بولۇپ، 1995_يىلىنىڭ 104% ىگە، فىنلاندىيىنىڭ 4 مىليارد 300 مىليون دوللار بولۇپ، 1995_يىلىنىڭ 96%ىگە تەڭ كەلگەن.

**مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا ئەھۋالى:**

روسىيىنىڭ 1996_يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان تاشقى سودا سوممىسى 29 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىپ 1995_ يىلغا سېلىشتۇرغاندا 6.1% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 51 مىليارد 700 مىليون دوللار بولۇپ 7.3%، ئىمپورت سوممىسى 14 مىليارد 100 مىليون دوللار بولۇپ 4.8% ئاشقان.

سودا بالانسى: 1996_يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان سودا ئۇلۇغ پەرقى 1 مىليارد 600 مىليون دوللار بولۇپ، 1995_يىلى 1 مىليارد 200 مىليون دوللار ئىدى. ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى يەنىلا يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ۋە ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە قىلغان ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 48.8%نى ئىگىلىگەن، 1995_يىلى بولسا 44.4% ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي گاز 34.9%نى ئىگىلەيدۇ. ئېكسپورت قىلىنغان تەبىئىي گازنىڭ ئەمەلىي مىقدارى 1.6% ئازايغان، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېكسپورت باھاسى 54% ئاشقان.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 2% ئازايغان. بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىدىكى نىسبىتى 18.3% بولۇپ، 1995_يىلى 19.8% ئىدى.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان ماللار ئىچىدە 1995_يىلىغا قارىغاندا مەلۇم ئاشقان مەھسۇلاتلار: تۆمۈر رودىسى 34%، كالتسىي فوسفات 5%، ئاممىياك ئوغۇتى 52%، پەنەركە 2.1ھەسسە، گېزىت_ئاخبارات قەغىزى 1%دىن ئىبارەت. كېمەيگەن مەھسۇلاتلار: خام نېفىت 33%، نېفىت مەھسۇلاتلىرى 48%، تاش كۆمۈر 46%، ھەرىلەنگەن ياغاچ ماتېرىياللىرى 19%، قارا رەڭلىك مېتال 3%، پاختا رەختلەر 5%تىن ئىبارەت.

1966_يىلى روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغىنى يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان خامئەشيالار بولۇپ، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 30%نى ئىگىلەيدۇ. 1995_يىلىغا قارىغاندا ئىمپورت مىقدارى ئاشقان مەھسۇلاتلار: دانلىق ئاشلىق 87%، توڭلىتىلغان يېغى گۆش 11%، ماندارىن 56% ئاشقان. ئازايغان مەھسۇلاتلار: ئېرىس ۋە سۈت پاراشوكى 36%، ئاق ماي 61%، ئاپتاپپەرەس مېيى 22%، گۆش كونسەرۋاسى ۋە گۆش تۈرلىرى مەھسۇلاتلىرى 17%، ئاق شېكەر 8%، ئىسپىرتلىق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر 34% ئازايغان.

ئىمپورت مىقدارى ئاشقان مەھسۇلاتلاردىن يەنە تاش كۆمۈر، قارا رەڭلىك مېتال، كىيىم_كېچەكلەر، دورا قاتارلىقلار، ئىمپورت مىقدارى ئازايغان مەھسۇلاتلاردىن ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، پاختا ۋە تۇرۇبىلار بار.

1996-يىلى روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان ئىمپورت سوممىسى ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسىنىڭ 31%نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە دانلىق ئاشلىق، ئاپتاپپەرەس مېيى، ئاق شېكەر، ئىچىملىكلەر، پاختا، تاش كۆمۈر، قارا رەڭلىك مېتال، تۇرۇبا قاتارلىقلار-نىڭ ئىمپورت قىلىنغان مۇشۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلار ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50%تىن يۇقىرى بولغان،

روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن قىلغان سودىدا ئاساسلىق سودا شېرىكى ئۇكرائىنا بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 31 مىليارد 900 مىليون دوللار بولغان، بۇنى 1995-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 100.9%نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن قالسا بېلورۇسىيە 5 مىليارد 900 مىليون دوللار بولۇپ 119%، قازاقىستان 5 مىليارد 600 مىليون دوللار بولۇپ 105% بولغان، يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەت ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 85%نى ئىگىلىگەن. سودا سوممىسى ئاشقان دۆلەتلەردىن يەنە ئەزەربەيجان 67%، گرۇزىيە 55%، قىرغىزىستان 42%، ئۆزبېكىستان 27%، مولداۋىيە 15%تىن ئىبارەت. سودا سوممىسى ئازايغان دۆلەتلەر: تۈركمەنىستان 5%، ئەرمەنىستان 15%، تاجىكىستان 33%تىن ئىبارەت.

روسچە «ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش» گېزىتىدىن
ئىلدان ئىسھاقوۋ تەرجىمىسى

# موڭغۇلىيە جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆمۈر قېزىشنى ئۈمىد قىلىدۇ

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى يېقىندىن بۇيانقى دۆلەت ئىچىدىكى يېقىلغۇ تەمىناتى جىددىي بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چەت ئەلدىن ھەمكارلىشىدىغان شېرىك ئىزدەشنى، چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىچىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانىنى ئېچىش دىنامىكىسىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى.

تۇنجى مەبلەغ جەلب قىلىپ ئاچىدىغان تۈر ئۇلانباتور ئەتراپىغا جايلاشقان باگانور ۋە شىۋوسالڭ كۆمۈر كېنىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، مەقسىدى 2000 - يىلىغا بارغاندا ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4 مىليون توننىغا ۋە 2 مىليون توننىغا ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى موڭغۇلىيىدىكى ئەڭ چوڭ كۆمۈر سانائەت بازىسىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن قالسا، موڭغۇلىيە يەنە سېلېنگى ئۆلكىسىدىكى ئۇلانئۇۋسالڭ كۆمۈر كېنىنى مەبلەغ جەلپ قىلىپ قازماقچى.

ھازىر ياپونىيە بىلەن روسىيە مەبلەغ سېلىپ سودىدا كېڭەيتىش يولىنى ئىزدىنىۋاتىدۇ، ھەممە 6 مىليارد ياپونىيە يۈەنى ۋە 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەرمەكچى بولدى. ئەمما موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە بولغان ئىشەنمەسلىك ۋە روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا بولغان ئەندىشە سەۋەبىدىن جۇڭگونىڭ بۇ كۆمۈر قېزىش پىلانىغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. (03)

# كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن پاكىستان

پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1947ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلىغان. ئۇ شەرقتە ھىندىستان بىلەن، شەرقىي شىمال تەرەپتە جۇڭگو بىلەن قوشنا بولۇپ، غەربىي شىمالى ئافغانىستان بىلەن، غەربىي قىسمى ئىران بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبى ئەرەب دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. پاكىستان پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تۆت ئۆلكە (پەنجاپ، سىند، غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسى، بېلوجىستان) ۋە بىر فېدېراتسىيە پايتەختى رايونىغا (ترىبار) بۆلۈنىدۇ. 67%تىن كۆپ ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. پاكىستاننىڭ نوپۇس سانى بۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا بىر قاتلىنىپ، ھازىر بار بولغان نوپۇس 120 مىليون 840مىڭ بولۇپ، شەھەر-بازار نوپۇسى38 مىليون 70 مىڭغا، يېزا نوپۇسى 82 مىليون 770 مىڭغا يەتتى. ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن 34 مىليون بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار، تەجرىبىگە باي باشقۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرى، ئىنژېنېر، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىلىرى، بانكىرلار ۋە پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرى ئاز ئەمەس.

## يېزا ئىگىلىكى

پاكىستاننىڭ ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 28.8%نى ئىگىلىگەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق پېرېۋوت يارىتىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. نورغۇن سانائەت تارماقلىرى، مەسىلەن، توقۇمىچىلىق ۋە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىمۇ يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىدۇ. ئاساسلىق تېرىلىدىغان زىرائەتلەردىن بۇغداي، كېۋەز، شال، تېرىق، كۆممىقوناق، شېكەر قومۇش، قىچا، كۈنجۈت، ياغلىق زىرائەتلەر ۋە تاماكا قاتارلىقلار بار.

1) بۇغداي ـ پاكىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم دېھقانچىلىق زىرائىتى، ئۇ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 37.1%نى ئىگىلىگەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆت ئۆلكىنىڭ سۇغىرىلىدىغان ۋە سۇغىرىلمايدىغان يەرلىرىگە تاقالغان. ئۇنىڭ تېرىلىش كۆلىمى مۆلچەرلىنىشىچە 89 مىليون 63 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇغداينىڭ يەسىللىك مەھسۇلات مىقدارى 15 مىليون 154 مىڭ توننا.

2) شال ھەر يىلى دۆلەتكە كۆپ مىقداردا تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ بېرىدۇ. تېرىلىش رايونى پەنجاپ، سىند ۋە غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، تېرىلىش كۆلىمى 2 مىليون 206 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. 3) پاختا پاكىستان توقۇمىچىلىقىنىڭ خامئەشياسى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئاساسلىق پېرېۋوت يارىتىدىغان بايلىق مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 4) شېكەر قومۇشىمۇ بىر خىل «پېرېۋوت يارىتىدىغان» زىرائەت بولۇپ، پاكىستاننىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى شېكەر قومۇشىنىڭ مەھسۇلاتىغا باغلىق، پەقەت ئاز قىسمىلا غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىدىن چىقىدىغان قىزىلچىغا تايىنىدۇ.

يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش دۆلەتنىڭ سىياسىتى بولۇپ، دۆلەت

مەخسۇس يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنى تەسىس قىلدى. كومىتېتنىڭ مەجبۇرىيىتى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە يارامىلىق بولغان لايىھە ھەم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بولۇپ، پىرىنسىپ جەھەتتىن بۇ لايىھە ھەم پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. كومىتېت ھازىر يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىنى يۆلەشكە دائىر يىراق، ئوتتۇرا ۋە يېقىن مەزگىللىك ستراتېگىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولدى، ھەمدە بۇ ستراتېگىيەلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن پارامېتىر بەلگىلەپ بەردى. كومىتېت يەنە يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىنىڭ باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ باج مەسىلىسىگە قارىتا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ باھاغا مۇۋاپىق ئارىلىشىپ، دېھقانلارنىڭ مول ھوسۇل ئېلىشىغا دائىر لايىھىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەلۋەتتە، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنىڭ تەرەققىيات لايىھىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ھەمدە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ بارماقتا. ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان بۇ ئېھتىياجغا نىسبەتەن بارلىق يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىدىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئېتىبار بېرىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھا كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىدى.

پاكىستان يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى (ADBP)، ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە بانكىسى (FBC) ۋە ھەر قايسى سودا بانكىلىرى دۆلەتنىڭ قەرز پۇل بېرىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ بانكىلار ئىچىدە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە بانكىسى ھەم ئۇنىڭ تارماق بانكىلىرى ئېرىشكەن نورما ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ھەر قايسى سودا بانكىلىرىنىڭ ئېرىشكەن نورمىسى كۆپ ھېسابلىنىدۇ.

**سۇغىرىش تورى**

پاكىستاننىڭ سۇغىرىش سىستېمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سۇغىرىش سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 13 مىليون 961 مىڭ 600 گېكتار دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ھىندى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىملىرى بۇ سىستېمىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ سىستېمىدا ئۈچ چوڭ سۇ ئامبىرى، 19 يول تارماق توغان، 12 تارماق ئۆستەڭ ۋە 43 مۇستەقىل كونترول مەركىزى بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 58 مىڭ 500 كىلومېتىر. ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى سۇ بېرىلىدىغان ۋاقىت جەدۋىلىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەر ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىم سۇ ئالالايدۇ، سۇ بېرىلىدىغان ۋاقىت ۋە بېرىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**قاتناش ترانسپورت ۋە ئالاقە تورى**

قاتناش ترانسپورت ۋە ئالاقە تورى بولسا دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم سىستېما. ھازىرقى پاكىستان دۆلىتىنىڭ تاش يول تورىدا 6587 تاش يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 177 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى 60% مال توشۇشنى ئۆز

ئۈستىگە ئالغان. پېشاۋەردىن كاراچىغىچە ۋە كاراچىدىن ھەيدەرئاباتقىچە بولغان بۇ ئىككى تاشيول كەڭ ھەم تۈپ-تۈز.

دۆلەت دۆلەتلىك تاش يول باشقۇرۇش ئىدارىسىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، تاشيول ترانسپورتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە تاش يولنى قايتا قۇرىدۇ، شۇنداقلا بىر قاتار چارىلەرنى قوللىنىپ، ھازىر بار بولغان ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ھەم تاش يول تورىنى كېڭەيتىدۇ.

پاكىستاننىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈر يول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8775كىلومېتىر بولۇپ، 839 چوڭ بېكەت ۋە 49 كىچىك بېكىتى بار. تۆمۈر يول سىستېمىسىدا 533 ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللىق پاراۋوز، 23 ئېلېكتروۋوز، 104 پار ماشىنىسى پارۋوزى، 2276 يولۇچىلار ۋاگونى ۋە 28500 يۈك ۋاگونى بار. ھازىر تۆمۈر يولنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ ھەمدە ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

پاكىستاننىڭ خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى) ۋە ئۈچ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. 1994-يىلى 8-ئايدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، پاكىستاننىڭ خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدە 47 ئايروپىلان بار ئىكەن، ئۇنىڭ تىپلىرى بوئىڭ 747، A300—B4 تىپلىق يولۇچىلار ئايرۇپىلانى، 300 — A310 تىپلىق يولۇچىلار ئايرۇپىلانى، بوئىڭ 707 قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كاراچىدىكى يېڭى ئايروپىلان ئىستانسىسى ئاللىقاچان ئېچىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، ئىسلامئاباتتىكى يېڭى خەلقئارا ئايروپىلان ئىستانسىسىدىمۇ جىددىي قۇرۇلۇش باشلاندى.

پاكىستاندا ھازىر ئىككى پورت بولۇپ، ئۇلار كاراچى ۋە كاشىمدىن ئىبارەت. كاراچى پورتى بولسا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ پورتى، ئۇ تەخمىنەن 95% ماللارنى ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. كاشىم بولسا ئۇنىڭ تۇنجى كۆپ ئىقتىدارلىق پورتى ھەم ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭقۇر سۇ يوللۇق پورتى بولۇپ، كاراچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 50 كىلومېتىر يىراققا جايلاشقان.

### ئېنېرگىيە مەنبەسى

پاكىستان پايدىلىنىۋاتقان ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ 42.1%ى نېفىت، 36.6%ى تەبىئىي گاز، 16.0%ى توك، 5.6%ى كۆمۈر بولۇپ، ئاتوم ئېنېرگىيىسى پەقەت 0.2%نىلا ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پاكىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا نېفىت ئۇنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى، ئۇ ھەر يىلى بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسى ئۈچۈن 45 مىليارد پاكىستان رۇبلىسى (بىر دوللار تەخمىنەن 30 پاكىستان رۇبلىسىغا باراۋەر) سەرپ قىلىدۇ. پاكىستاندىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئومۇمىي توك چىقىرىش ئىقتىدارى تەخمىنەن 11 مىڭ مېگاۋات بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ مىقدارى يىلدىن يىلغا 12% ئەتراپىدا ئېشىپ بارماقتا، 2000-يىلغا بارغاندا تەخمىنەن 6000 مېگاۋاتقا يېتىپ بارىدۇ. نۆۋەتتە پەقەت 40% ئاھالىلا توكتىن پايدىلىنالايدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە توك ئىشلىتىش مىقدارى 243 كىلوۋات-سائەت. ھۆكۈمەت ئېنېرگىيە يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېنېرگىيە پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى ھەمدە ئېنېرگىيە ئالاھىدە كومىتېتى تەسىس قىلدى. بۇ كومىتېت ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ

تەرەپلىمىلىك تاكتىكىنى قوللىنىشقا قويدى، ھۆكۈمەت بۇ تاكتىكىلارغا ئاساسەن خۇسۇسىي كاپىتاللارنى قوبۇل قىلىپ ئېنېرگىيە ئېچىشتىن ئىبارەت زور پىلانغا قاتناشتۇرۇشنى جاكارلىدى. بۇندىن كېيىنكى بەش يىلدا 700 مىليارد پاكىستان رۇبلىسى مەبلەغ سېلىنسا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ توكقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. بۇنچىلىك نۇرغۇن پۇلنىڭ 330 مىلياردىنى دۆلەت چىقىرىدۇ، قالغان 370 مىليارد بولسا خۇسۇسىيلارنىڭ ئىقتىسادىغا قاراشلىق. مۆلچەرگە قارىغاندا پاكىستاندا 30 مىڭ مېگاۋات-سائەتلىك سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش يوشۇرۇن كۈچى بار، مۇتەخەسسىسلەر كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىمۇ 600 مېگاۋات-سائەت توك چىقىرالايدۇ دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى زور ئەۋزەللىككە ئىگە، ھەم ئەرزان، ھەم مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ.

ئېنېرگىيە ئورگانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت يەنە كەلگۈسى پىلاننى تۈزۈپ چىققى، ئۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە تېرموئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشنى، ھەم گېنېراتور ۋە توك يوللاش ئۈسكۈنىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاكىستاننىڭ ئېنېرگىيە سىياسىتىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئېنېرگىيە شىركەتلىرىنىڭ شىركەت زايومىنى تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ زايوم تارقىتىش ئارقىلىق يەرلىك بانكىلاردا مەبلەغ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

ھازىر دۇنيا بانكىسى رەھبەرلىكىدىكى 37 چەتئەل بانكىسىدىن تەركىب تاپقان مالىيە گورۇھى بۇ ئېنېرگىيە پىلانى ئۈچۈن 750 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى (ESO) پاكىستاننىڭ قەزر قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 300 مىليون دوللار كاپالەت ھەققى بىلەن تەمىنلىدى. فرانسىيىدىن يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىش كۈن تەرتىپىدە يەنە قوللىنىشقا قويۇلدى.

## ئىقتىسادىي سىياسەت

پاكىستان ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئىقتىسادنى ھېچبولمىغاندا 70% ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى رايون ۋە بارلىق ئاھالىلارنىڭ ھەممىسىنى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى خۇسۇسىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىدۇ، دۆلەتنىڭ تەسىرى نىسپىي ھالدا كىچىكلەيدۇ. ھۆكۈمەت دۆلەت ۋە خۇسۇسىي ئىقتىسادنى ئاساس قىلغان يېڭى شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىسلاھات لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ لايىھە خۇسۇسىي ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا، بولۇپمۇ بىر قىسىم كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. دۆلەت خۇسۇسىي كارخانىلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە كارخانىچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ خۇسۇسىي كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىشقا، ئاندىن كارخانىچىلارنىڭ بىر قىسىم پېيىنى سېتىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلماقتا. دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ كونترول قىلىش مېخانىزمى-نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش چەكلىمىسى ۋە مەبلەغ سېلىشقا قارىتا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەت ھەم تاشقى پېرېۋوت سودىسى ۋە پېرېۋوت نىسبىتىنى باشقۇرۇشقا قارىتا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكى بولىدىغان؛ ھەم ماكرو

ئىگىلىكنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدىغان چارىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمىتى خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئىجتىمائىي ئىگىلىككە قاتنىشىشقا يېتەكلەش بولۇپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، نوقۇل هالدا مۇلۇكچىلىكنى دۆلەت مۇلۇكچىلىكى شەكلىدىن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋەتمەيدۇ. مۇھىمى شۇكى كىشىلەرنى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەپ، سانائەتلىشىش جەريانىغا قاتنىشىشقا ۋە بۇ جەرياندا مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە قىزىقتۇرىدۇ.

پاكىستان ئىقتىسادىنىڭ تەكشى ئېشىپ بېرىشىنى ساقلاپ قېلىش ستراتېگىيىسىنى قوللىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق، مەسىلەن، چىقىمنى ئازايتىش، بايلىقنى كۆپەيتىش، پۇل مۇئامىلە بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق خامچوت قىزىل رەقىمى يول قويۇشقا بولىدىغان دەرىجىدە ئازايتىلىدۇ.

**سانائەت**

پاكىستان ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان يەتتە دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا 6%تىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۇچقاندەك ئېشىپ بارماقتا. سانائەتنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇقىم ئاشماقتا. يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيان سانائەتنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8%تىن يۇقىرى بولدى. 1993-يىلى سانائەت ئورۇنلىرى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 18.3% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 12.4% ىگە باراۋەر. پاختا رەخت توقۇمىچىلىقى سانائەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا يەرلىك خامئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلەت تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ماشىنىسازلىق، ئاپتوموبىل ياساش، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئورۇنلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتلارنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئىمپورتنى چەكلەپ، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت خۇسۇسىي كاپىتالنى ھەر قايسى سانائەت ئورۇنلىرىغا، بولۇپمۇ مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇنلارغا، مەسىلەن، ئېنېرگىيە مەنبەسى، ترانسپورت، سېمۇنت، خىمىيىۋى ئوغۇت ھەم ئىجتىمائىي ئىشلارغا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىساد ۋە ئەركىن مەبلەغ سېلىش مۇھىتى خۇسۇسىي ئىقتىساد قىسمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ 22% ئاشتى.

پاكىستان 120 مىليون نوپۇسقا ئىگە بازار بولۇپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 50 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن ئىبارەت ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن، دېڭىز-ئوكيان يولىنى تۇتاشتۇرۇشقا بولىدۇ.دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بازارلىرى بىلەن پاكىستاننىڭ بازارلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ھەمكارلىشالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىستان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى ھەمدە جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ئىتتىپاقى (SAARC) غا ئەزا دۆلەت

بولۇپ، بۇ بازارنى كېڭەيتىپ، ھەر قانداق پايدىلىق.
سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا

پاكىستان ۋە بىر قىسىم ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (1991-يىل)

| دۆلەت نامى | مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى | | 1980-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى (%) | مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەركىبى (%) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم | | يېزا ئىگىلىك | سانائەت | مۇلازىمەت كەسپى |
| پاكىستان | 46566 | 383 | 6.5 | 26.0 | 26.0 | 48.0 |
| جۇڭگو | 425623 | 364 | 9.4 | 28.4 | 38.8 | 32.8 |
| ئىران | 136348 | 2274 | 2.5 | 21.0 | 21.0 | 58.0 |
| ئىسرائىلىيە | 59879 | 12293 | 3.7 | - | - | - |
| ياپونىيە | 3326646 | 26824 | 4.3 | 2.5 | 42.0 | 55.5 |

## پاكىستان ۋە بىر قىسىم ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقى ھەم ئۇنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى

| دۆلەت نامى | 1989 ـ 1991 ـ يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي تۈر بويىچە ئايرىلغان ھەر قايسى كەسىپلەردىكى ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەرنىڭ نىسبىتى | | | 1989—1991 ـ يىلغىچە بولغان ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەر سانى (تۈمەن) | ھەر بىر قاتناش قوراللىرىغا توغرا كېلىدىغان ئاھالە سانى (1991 ـ يىل) | نوپۇسى 750 مىڭدىن ئاشىدىغان شەھەرلەر سانى (1990 ـ يىل) | شەھەر ئاھالىسى ئىگىلىگەن نىسبەت (1995 ـ يىل) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مۇلازىمەت كەسپى | سانائەت | يېزا ئىگىلىك | | | | |
| پاكىستان | 33 | 20 | 47 | 2980 | 132 | 8 | 34.7 |
| جۇڭگو | | | | 58360 | 191 | 51 | 30.3 |
| ھىندىستان | | | | 2590 | 185 | 34 | 26.8 |
| ئىران | | | | | 27 | 5 | 60.4 |
| ئىسرائىلىيە | 68 | 29 | 4 | 16 | 5 | 1 | 92.7 |
| ياپونىيە | 59 | 35 | 7 | 639 | 2 | 7 | 77.9 |

| دۆلەت نامى | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئېنېرگىيە سەرپ قىلىش مىقدارى $(10^{15}\times j)$ | ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي سەرپ بولۇش مىقدارى $(10^{15}\times j)$ | يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقارغان ئېنېرگىيە $(10^{15}\times j)$ | سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقارغان ئېنېرگىيە $(10^{15}\times j)$ | يەرنىڭ ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن ۋە شامال كۈچىدىن ھاسىل قىلىنغان ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش $(10^{15}\times j)$ | ئېنېرگىيە ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى $(10^{15}\times j)$ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پاكىستان | 8 | 1032 | 4 | 66 | - | 707 |
| جۇڭگو | 23 | 27345 | - | 450 | - | 29720 |
| ھىندىستان | 9 | 8011 | 59 | 243 | - | 7327 |
| ئىران | 48 | 2906 | - | 24 | - | 8335 |
| ئىسرائىلىيە | 88 | 429 | - | - | - | 1 |
| ياپونىيە | 140 | 17384 | 2329 | 380 | 64 | 3009 |

# شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى

ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئېلىپ بېرىشى ھەم مۇقەررەرلىككە ھەم مۇمكىنچىلىككە ئىگە. ئۇنداقتا، نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن ئىقتىساد، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشنىڭ شارائىتى قانداق؟ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات بارمۇ-يوق؟ جاۋابى مۇقەررەر. ھەمكارلىق مۇھىتى داۋاملىق ياخشىلانماقتا، ھەمكارلىقتا قىيىنچىلىق بار، يىراق كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساس:

**1. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت پۇل پاخاللىقىنى ئازايتىش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى قوللاندى.**

پۇل كىرىدىت سىياسىتى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئارقا-ئارقىدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇللىرىنى تارقىتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولغان مۇھىم قەدەمنى باستى. بازارلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىش بويۇملىرى، ئىستېمال بويۇملىرى ۋە ئەمگەك باھاسىغا نىسبەتەن ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۆكۈمەت قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، يېڭى پۇلنىڭ نورمال ئوبوروت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

خەلق بانكىسىنىڭ ئۆسۈمى بازار ئۆسۈمى بىلەن تەڭ بولۇپ، تۆۋەن ئۆسۈمدە قەرز بېرىش قاتارلىقلار توختىتىلدى. ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى دۆلەت خەزىنىسىگە كىرگۈزىدۇ ھەم بۇ تاشقى پېرېۋوتلارنى پۇل سودىسى جەريانىدا ساتىدۇ.

خەلق بانكىسى تەبىئىي شەخسلەرگە بانكىدىن تاشقى پېرېۋوت ھېساباتى ئېچىپ بېرىپ، پۇقرالار ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ ئەركىن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى ئېلىپ كىرىش ۋە ئېلىپ چىقىشتىكى چەكلىمىنى بىكار قىلدى.

2) تاشقى ئىقتىساد سىياسىتى

قازاقىستان ئېكسپورت نورمىسى ۋە ئىجازەتنامە مىقدارىنى ئازايتتى، ئېكسپورت ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى قوغداش، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، قىممەتلىك مەدەنىيەت، سەنئەت بويۇملىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

قازاقىستان ئىمپورت-ئېكسپورتنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، تىجارەت گەۋدىلىرىنىڭ تاشقى ئىقتىساد، تېخنىكا پائالىيىتىگە قاتنىشىشىدىكى چەكلىمىنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بازار ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

ئۆزبېكىستاندا مۇنداق بەلگىلەنگەن: قانۇنىي

مەبلەغ ئىچىدە چەتئەلنىڭ مەبلىغى 50%تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدىغان، مەخسۇس خەلققە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شېرىكلەشكەن كارخانىلار تېزىمغا ئالدۇرۇپ بەش يىل ئىچىدە تاپاۋەت بېجى تاپشۇرمايدۇ. شۇنداقلا ئۆزبېكىستان خەلق بانكىسىغا مەجبۇرىي ھالدا تاشقى پېرېۋوت سېتىپ بېرىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستان 1995-يىلى 9-ئايدا ئېلان قىلغان «ئىجارىگە ئېلىش نىزامى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: چەتئەل شىركەتلىرى ئۆزبېكىستاندا ئىجارىگە ئېلىش تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، مۇددىتى 15 يىل بولىدۇ. ئىجارىگە ئالغۇچى سانائەت، يەر، كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالغان پايدىسىنىڭ باج تاپشۇرغاندىن كېيىنكى قالدۇق قىسمىنى ئۆزى خالىغانچە تەقسىم قىلىدۇ.

قىرغىزىستان بىر يۈرۈش تاۋارلارنىڭ تاموژنا بېجى ۋە تاموژنا چەكلىمىسىنى بىكار قىلىدۇ. بىراق ھاراق ۋە تاماكىلاردىن تاۋار باھاسىنىڭ 20% — 50% ى بويىچە باج ئېلىنىدۇ. ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باج سوممىسى تەڭشەلگەن بولۇپ، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇشلار، ھايۋاناتلار، شۇنداقلا تاشقا ئايلانغان جىسىملاردىن 80% باج ئېلىنىدۇ. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاشلىق، ئۆسۈملۈك مېيى، شېكەردىن 50% باج ئېلىنىدۇ. گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرىدىن پەقەت 5%لا باج ئېلىنىدۇ.

**2. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى يېڭى تەدبىرلىرى**

1) ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇپ، چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنى قۇرۇپ، چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى بەش ئوبلاستتا يەتتە رايوننى ئاجرىتىپ، ئۇنى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قىلدى. رايون ئىچىدە ئىمپورت-ئېكسپورت تاموژنا رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، چەتئەل مەبلىغى قانۇن جەھەتتە قوغدىلىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكىلەر ۋە چەتئەللىكلەر، شۇنداقلا تەبىئىي شەخسلەرنىڭ قانۇندا مەنئىي قىلىنغان پائالىيەتلەردىن باشقا ھەر خىل شەكىلدىكى كارخانىلارنى ئېچىپ، تۈرلۈك سودا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلىدۇ. رايون ئىچىدە ئېتىبار باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. سۇ، توك ۋە تەبىئىي گاز خىراجەتلىرى تۆۋەنلىتىلىدۇ. رايون ئىچىدىكى كارخانىلار ئۈچ يىلغىچە باج تاپشۇرمايدۇ. رايون ئىچىدە بانكا ۋە چەتئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. چەتئەل مەبلىغى 30%تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدىغان شېرىكلەشكەن كارخانىلار چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

2) چەتئەل مەبلىغىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇش

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىچىدە قازاقىستان بىلەن تۈركمەنىستان نېفىتنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن دۇنياغا داڭلىق. تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى 15 تىرلىيون كۇب مېتىر، نېفىت زاپىسى 6 تىرلىيون توننا كېلىدۇ. ھازىر تەبىئىي گازنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 80 مىليارد كۇب مېتىر

بولۇپ، قېزىلىش مىقدارى دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىتنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 5 مىليون 500 مىڭ توننا. قازاقستاننىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە قازاقستان نېفىتىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى زاپىسى 4 مىليارد 475 مىليون توننا، كاسپىي دېڭىزىدىكى زاپىسى 3 مىليارد 500 مىليون توننا، تەبىئىي گاز ئايرىم-ئايرىم ھالدا 5 تىرلىيون 700 مىليارد ۋە 2 تىرلىيون كۇب مېتىر ئىكەن. 1993-يىلى قېزىلغان نېفىت ۋە قېتىشقان نېفىتنىڭ مىقدارى 22 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 6 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولدى. مول نېفىت-تەبىئىي گاز بايلىقى چەتئەل سودىگەرلىرىنى جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. قازاقستانمۇ نېفىت-تەبىئىي گازنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئېنېرگىيە بايلىقى جەھەتتە مۇستەقىل بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ھەم مېتال پۇلغا ئېرىشتى. قازاقستان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئامېرىكىنىڭ شېۋرون شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەڭ چوڭ بولغان تېڭگىز ۋە كېرىلىيوۋ نېفىتلىكىنى ئاچتى. بۇ شىركەت بۇنىڭدىن كېيىنكى 40 يىل ئىچىدە 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ 9 مىليارد تۇڭدىن كۆپرەك نېفىت ئىشلەپچىقارماقچى. ئىتالىيىنىڭ ئاممىباپ نېفىت شىركىتى بىلەن ئەنگلىيە تەبىئىي گاز شىركىتى قازاقستان بىلەن بىرلىكتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قاراچاباق نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالماقچى.

نېفىت، تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇپ، نېفىت-تەبىئىي گاز ئېكسپورتىنى كۆپەيتىش. جۇڭگو نېفىت-تەبىئىي گاز باش شىركىتى بىلەن تۈركمەنستان نېفىت-تەبىئىي گاز مىنىستىرلىكى نېفىت-تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. تۈركمەنستان ھۆكۈمىتى تەبىئىي گازلىرىنى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، لەنجۇ، شىئەن، ليەنيۈنگاڭ پورتلىرى ئارقىلىق ياپونىيىگە يەتكۈزمەكچى. تۇرۇبا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6250 كىلومېتىر، ئارىلىقتا 42 بېسىم كۈچەيتىش پونكىتى بار، كېتىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 7 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، ليەنيۈنگاڭ پورتىدىن ياپونىيىگىچە بولغان دېڭىز ئاستى تۇرۇبا يوللىرى ئۈچۈن 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ. تۇرۇبا يوللىرى پۈتكەندىن كېيىن دەسلەپكى باسقۇچتا ھەر يىلى 10 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، كېيىن 20 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1994-يىلى 5-ئايدا قازاقستان، ئومان، روسىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت 1995-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ غەربىي قازاقستاندىن كاسپىي دېڭىزى ئارقىلىق قارا دېڭىزدىكى نوۋوروسسىيسكى پورتىغا تۇتىشىدىغان نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئورنىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش قىممىتى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، يىللىق نېفىت يەتكۈزۈش مىقدارى 17 مىليون توننا. ئۇنىڭدىن باشقا، قازاقستان ھۆكۈمىتى ئىران بىلەن غەربىي قازاقستان-تۈركمەنستان-ئىران-پارس قولتۇقى نېفىت يەتكۈزۈش لىنىيىسى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.

نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. 1994-يىلى 4-ئايدا فرانسىيىنىڭ ھىدروگېن كاربىد شىركىتى قازاقستان بىلەن قازاقستاننىڭ ئاتىراۋ نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇرۇش توغرىسىدا توختام ئىمزالىدى.

قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. زاۋۇت پۈتكەندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 6 مىليارد تونىنىغا يېتىدۇ، ئىنچىكىلەپ چەككىلەش دەرىجىسى / 80% ئاشىدۇ. ياپونىيىدىكى ئۈچ شىركەت قازاقىستان بىلەن مانغىستاۋ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇش توغرىسىدا توختام تۈزۈپ، قازاقىستاننىڭ نېفىتتا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئالاقە ۋە قاتناشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ياپونىيە قازاقىستاننىڭ تۆمۈر يول لىنىيىسى ۋە يۈك قاچىلاش-چۈشۈرۈش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىشكە قوشۇلدى. ئۇنىڭدىكى 16 مىليون ئامېرىكا دوللىرى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دىرۇژبا ترانزىت پونكىتىنى قايتا قۇرۇشقا، قالغان 24 مىليون ئامېرىكا دوللىرى دىرۇژبا پونكىتىغا يېقىن بىر بۆلەك تۆمۈر يولنى ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. 1996-يىلى يېڭى تۆمۈر يول پۈتكەندە دىرۇژبا پونكىتىنىڭ ئۆلاپ توشۇش مىقدارى 7 مىليون تونىنىغا يەتكەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ تۆمۈر تول لىنىيىسى ياپونىيىدىن غەربىي ياۋروپاغا توشۇلىدىغان زور تۈركۈمدىكى يۈكلەرنى جەلىپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە بىلەن قازاقىستان بىرلىكتە قازاقىستاندا تېلېۋىزىيە ئالاقە شىركىتى قۇردى، يېقىندا ئاقمولادىن فرانكفورتقا بىۋاستە تۇتىشىدىغان سۈنئىي ھەمرا ئالاقە لىنىيىسىنى قۇردى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا قازاقىستاننىڭ زامانىۋىي ئالاقە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى. قازاقىستان موتورولا شىركىتىدىن 33 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ ئەسلىھەلەر يەرلىك ئالاقە، ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە ۋە خەلقئارا ئالاقە مۇلازىمىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**3. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت تاشقى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە سودا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرىلەپ، مىللىي ئىگىلىك بىلەن خەلقئارا ئىگىلىكنى تۇتاشتۇرۇشتا پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى**

1) شېرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق بولدى. قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىكى شېرىكلەشكەن كارخانىلارنى مىسالغا ئالساق، 1994-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، قازاقىستاندا تىزىمغا ئالدۇرغان شېرىكلەشكەن كارخانىلار 1416گە يەتتى (ھەقىقىي ئىشقا كىرىشكىنى 325)، 61 دۆلەت شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى، شېرىكلەشكەن كارخانىلاردىكى ئىشچىلارنىڭ سانى 14 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شېرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سودىسى ۋە سىرتقا قارىتا ئەمگەك مۇلازىمەت سوممىسى 33 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئېكسپورت سودىسى ۋە سىرتقا قارىتا ئەمگەك مۇلازىمەت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %11نى ئىگىلىدى. 89 شېرىكلەشكەن كارخانا تاشقى سودا ئىمپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 26 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى تاۋارنى ئىمپورت قىلدى.

2) خەلقئارا ئاشكارە خېرىدار چاقىرىشنى يولغا قويۇپ، چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قوللانمىسىنى ئېلان قىلىپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈچۈن ئىشىك ئېچىپ بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت

چەتئەلنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىلىرى، ئىلغار كارخانا باشقۇرۇش، تىجارەت ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن، دۇنياغا يۈزلىنىپ، خەلقئارا ئاشكارە خېرىدار چاقىرىشنى يولغا قويدى. 1994-يىلى قازاقىستان سەككىز چوڭ تۈر بويىچە 50 نەچچە تۈرلۈك ئاشكارە خېرىدار چاقىرىشنى ئېلان قىلدى. تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ 1994-يىلىنىڭ بېشىدا چەتئەللىكلەر مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەرنى ئېلان قىلدى.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت تاشقى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۆزىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى، ھەمكارلىشىش شارائىتى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى، شۈبھىسىزكى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا كىرىش، ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشتا بىر قەدەر ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىدىكى يوشۇرۇن كۈچ بىلەن تۇسالغۇ كۈچ، پايدىلىق شارائىت بىلەن پايدىسىز شارائىت ئورتاق مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت رەھبەرلىرى ئىلگىرى شىنجاڭ بىلەن دوستانە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئىپادە بىلدۈرگەن، ھەم شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايدا ئىقتىسادىي رايون قۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۆزئارا زىيارەتتە بولۇپ، بىر يۈرۈش ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى، ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، سودا، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقىدىن رازى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس ياراتتى. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرى بار. جۇغراپىيىلىك مۇھىت، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق پايدىلىق شارائىتلار بولغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن: قازاقىستان بىلەن تۈركمەنىستاندا زور نېفىت زاپىسى بار، بىراق قېزىش ۋە ئايرىش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولغانلىقتىن ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى نېفىت كارخانىلىرى ئۇلارنى بۇرغىلاش، نېفىت ئايرىش، تۇرۇبا قاتارلىق نېفىت تېخنىكىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتە تۈزۈكرەك پولات-تۆمۈر زاۋۇتى يوق. شىنجاڭنىڭ «1-ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر زاۋۇتى بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئىلغار پولات-تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا پاختا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 800 مىڭ توننىغا يېتىدۇ (ساپ پاختا)، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ،

%80تىن كۆپرەك خام پاختىنى ئېكسپورت قىلىدۇ، شىنجاڭنىڭ پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئاز بولمىغان چوڭ تىپتىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى ۋە ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى بار، بىر تەرەپتىن پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى، شۇنداقلا يۇقىرى سۈپەتلىك توقۇلما بۇيۇملارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەندۈرگىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خام پاختا ياكى يېرىم تەييار بۇيۇملىرىنى ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى كېۋەز سورتلىرىنى ئاپتونوم رايونغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كان بايلىقى مول، بولۇپمۇ كان ئىزدەش قوشۇنىنىڭ تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيە تارماقلىرى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ چېگرا رايوندا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. يۇقىرىقىلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشتىكى پايدىلىق تەرەپلەر. ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەمكارلىشىشتا يەنە نۇرغۇن توسالغۇ بار: بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يۇقىرى باھا بېرىش كەتكىلى بولمايدۇ، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئوخشۇشلۇق بولىشى، ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ تېز يوقىلىشى ناتايىن، بۇ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشتا چوڭ توسالغۇ بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي ، تېخنىكا ھەمكارلىقى رىقابەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، دۇچ كەلگەن رىقابەتچى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى سانائىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە شەرقتىكى ياپونىيە، كورىيە ۋە جۇڭگونىڭ تەيۋەن، شۇنداقلا دېڭىز بويىدىكى رايونلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك، تېخنىكا سەۋىيىسى ئىلغار، بۇ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى، تۇشۇش ئارىلىقى قىسقا، تەننەرقى ئاز، باھاسى تۆۋەن، بۇ بىزنىڭ ئاتۇقچىلىقىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجىزلىقتىن ساقلىنىپ، پايدىغا يۈزلىنىپ زىياندىن ساقلانساق، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئاندىن غەلىبە قىلالايمىز.

(2) ھەمكارلىشىشتىكى پايدىلىق شارائىتلارنى تۇتۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىش ساھەسىنى پائال ئېچىش، ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىمكانىيىتىنى چىقىش قىلىپ كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا ئۆتۈش، ھەم چوڭ، ھەم كۆپ بولۇشقا ئىنتىلمەسلىك، ئەمەلىيەتچىل بولۇشنى چىڭ تۇتۇش.

a. پەن-تېخنىكا ھەمكارلىق ساھەسىنى ئېچىش. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ئوخشاش بىر گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىگە مەنسۇپ، دەسلەپكى گېئولوگىيىلىك تەتقىقات شىنجاڭنىڭ كان ھاسىل قىلغۇچى ياخشى گېئولوگىيىلىك شارائىتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان داڭلىق كان بەلبېغى بار، بىراق شىنجاڭدىن بۇنداق چوڭ كان بەلبېغىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شىنجاڭدا شۇنىڭغا مۇناسىپ كان چارلاش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي تەجرىبە كەمچىل. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كان بايلىقى مول بولۇپلا قالماستىن بەلكى بىرقاتار ئىلغار گېئولوگىيىلىك تەتقىقات، كان چارلاش، قېزىش-ئايرىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى بار. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن گېئولوگىيىلىك چارلاش تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشى شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك تەتقىقاتىدىمۇ پايدىلىق ۋە زۆرۈردۇر.

قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستان رەڭلىك مېتال ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر ئەمەلىي كۈچكە ئىگە، ئۇلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ رەڭلىك مېتال كارخانىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى بار بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك بازىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مېتالچىلىق تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، نۇقتىلىق تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشتىكى مۇھىم ساھەلەردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك كۈزىتىشى ۋە تەتقىقاتى موشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان بولۇپ، يەر تەۋرەش رايونلىرىنى ئايرىش، يەر تەۋرەشتە ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتىكى سەۋىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ يەر تەۋرەش پەن-تېخنىكىسى جەھەتتىكى ھەمكارلىقى ئاساسەن يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىلمىي تەتقىقاتى جەھەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۆزبېكىستان بىلەن تاغ جىنسلىرى مېخانىكىسى ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىپ يەر تەۋرەشتىن مەلۇمات بېرىش تەتقىقاتى، تاجىكىستان بىلەن قۇرۇلۇش يەر تەۋرىشى ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش تەتقىقاتى، قىرغىزىستان بىلەن يەر تەۋرەشنى رايونلارغا ئايرىش تەتقىقاتى، قازاقىستان بىلەن يەر تەۋرەش ئىلمى، يەر ئاستى سۈيى، يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرىگە ھۆكۈم قىلىش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كېلىماتقا تەۋە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى يېزا ئىگىلىك بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، تۇپراقنى ياخشىلاش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، لاي-لاتقىلاردىن مۇداپىئەلىنىش، تېجەپ سۇغىرىش، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئىنتايىن زۆرۈر ھەم كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە.

b. تېخنىكا، ئىقتىساد، سودا جەھەتتىكى ھەمكارلىق ساھەلىرى كەڭ. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مول كان بايلىقى بار بولۇپ، ئىلگىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بازىسى بولغان ئىدى، سانائىتى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى تولۇق ئەمەس، مۇكەممەل بولغان ئاساسلىق سانائەت سىستېمىسى كەمچىل. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئىمپورت سودىسىدا ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، نۆۋەتتە ئۇلار كىچىك تىپتىكى تراكتور، سۇ پومپىسى، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى، كېۋەز شاخلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى، قەغەز ئىشلەش ئۈسكۈنىسى، ئىچىملىكلەرنى قاچىلاش لىنىيىسى، ئوراش- قاچىلاش ماشىنىسى، ياڭيۇ كراخمالىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، مەر-مەر تاش پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى،

شۇنداقلا نېفىت، تەبىئىي گاز پېششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولماقتا. پولات - تۆمۈر مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە، پولات لىم، پولات رېلىس، پولات تۇرۇبا، ئوقۇر شەكىللىك پولات، قۇيما چويۇن قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشقا تايىنىدۇ ھەم پولات-تۆمۈر كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ. بىز ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى تراكتور، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، قېزىش ماشىنىسى، يۈك كۆتۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق، ئۇنىڭدىن باشقا قارشى تەرەپنىڭ پولات ماتېرىياللىرى، خروم رودىسى، تۆمۈر رودىسى، ئېلېكترولىزلانغان مىس، قەلەي تۇنكە، يۇمىلاق تۆمۈر قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق. سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە بىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تولۇقلاش بار.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتى بىلەن يېمەكلىك سانائىتى بىر قەدەر ئاجىز، ئىمپورت تاۋارلىرى ئىچىدە كۆپ قىسمى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە يېمەكلىك. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى شىنجاڭنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم-كېچەك، ئاياغ كىيىم، يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئېھتىياجلىق. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مۇكەممەل سانائەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يەرلىك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى پائال راۋاجلاندۇرماقتا. بىر تەرەپتىن خەلقئارا ھەمكارلاشقۇچىلارنى ئىزدەپ، مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن زۆرۈر بولغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇردى. ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە بايلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە شىنجاڭ مەلۇم ئەمىلىي كۈچكە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن پەن-تېخنىكا، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ئىستىقبالىغا ئىگە.
(02)

# جۇڭگو - روسىيە سودىسى داۋاملىق ياخشىلانغۇسى

جۇڭگونىڭ بارلىق سودا شېرىكلىرى ئىچىدە، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ چېگرا سودا سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككى دۆلەت تىجارەت ۋەكىللىرىنىڭ پەرىزىگە ئاساسلانغاندا، 2000- يىلىغا بارغاندا ئىككى دۆلەتنىڭ سودا سوممىسى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن.

1996- يىلى 8- ئايدا جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ سودا سوممىسى 48 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيىنىڭ جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىش سوممىسى 707 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1995- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 2% تىن كۆپرەك ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياپونىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە كانادانىڭ جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىش سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 15.5%، 10%، 22% ۋە 34% ئازايغان. 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ سودا سوممىسى 7 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ 1995- يىلدىكىدىن 45% ئاشقان. (02)

# ئامېرىكا روسىيىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى

1996-يىلى ئامېرىكا بىلەن روسىيىنىڭ سودا سوممىسى 1995-يىلىدىكى 6 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ، 7 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي شېرىكلىشىش مۇناسىۋىتى مۇقىم تەرەققىي قىلماقتا. ھازىر ئامېرىكا، ئوكرائىنا ۋە گېرمانىيىدىن قالسىلا روسىيىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ قالدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان روسىيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئاكتىپ بالانس ئىزچىل تۇردە ساقلىنىپ، ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىدىن تەخمىنەن 1.5 ھەسسە كۆپ بولدى.

روسىيە ئامېرىكىغا خام ماتېرىيال ئېكسپورت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئېكسپورت قىلىنىدىغان خام ماتېرىيالنىڭ مىقدارى ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدۇ. روسىيە ئامېرىكىغا ئاليۇمىن (ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 25% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ)، قارا رەڭلىك مېتال (25%نى ئىگىلەيدۇ)، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت (17%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ)، قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت (8%نى ئىگىلەيدۇ)، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى (7%نى ئىگىلەيدۇ) قاتارلىقلارنى زور مىقداردا ئېكسپورت قىلىدۇ. ئامېرىكىدىن ئاساسلىق ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىدۇ (تەخمىنەن 40%)، ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى خام ماتېرىياللىرىنى (42%نى ئىگىلەيدۇ) ئىمپورت قىلىدۇ.

روسىيە تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئالېك. داۋىدوۋ: «ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەيلى روسىيە تەرەپ ياكى ئامېرىكا تەرەپ بولسۇن ھەر ئىككى دۆلەت بىر قاتار پىرىنسىپلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشى كېرەك. مەسىلەن: ئامېرىكا ھازىرغىچە روسىيىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك، سودىدا ئېتىبار بېرىش ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەپ باقمىدى، ئامېرىكا روسىيىنى غەيرى بازار ئىگىلىكىدىكى دۆلەتلەر دائىرىسىگە داۋاملىق كىرگۈزۈشى كېرەك. چۈنكى روسىيە تاۋار ئېكسپورت قىلىشتا ئانتى تۆكمە قىلىپ سېتىش تەدبىرى باشقا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قاتتىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. روسىيە ئېكسپورت قىلىدىغان بولۇت، ئۇرىيە، تىتان، سىلىتسىي تۆمۈر، مىس تۆمۈر، نىتراتلار، ۋانادىي ۋە ماگنىي قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىمۇ ئانتى تۆكمە قىلىپ سېتىش باج تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ؛ 1996-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ، روسىيە ئېكسپورت قىلىدىغان پولات - تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن ئانتى تۆكمە قىلىپ سېتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشلاندى» دېدى.

ئامېرىكا تەرەپ روسىيە ئېكسپورت سودىگەرلىرىنىڭ ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنى، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنى مال بىلەن بىلەن تەمىنلەشكە قاتنىشىشنى چەكلىدى. ئىككى دۆلەتنىڭ بانكا جەھەتتە ھەمكارلىشىشىدا (ئاخىرى 15 - بەتتە)

# قازاقىستاننىڭ تاشقى ئىقتىسادىدا ئۆزگىرىش بولدى

قازاقىستاننىڭ 1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى سودا سوممىسىنى ستاتىستىكا قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا تاشقى سودا تاۋار (تەبىئىي گاز ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سوممىسى 1995-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 40% ئېشىپ، 5 مىليارد 213 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ئېكسپورت سوممىسى 56% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىدىن يۇقىرى بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ تاشقى سودىسىدا ئاكتىپ بالانس كۆرۈلۈپ، 1 مىليارد 249 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سودا سوممىسى ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 62%نى، ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سودا سوممىسى 13%نى، ياۋروپادىكى 35 دۆلەت بىلەن ئېلىپ بارغان سودا سوممىسى 23%نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر قازاقىستاننىڭ 124 دۆلەت بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار.

قازاقىستاننىڭ ئېكسپورت سودا تۈزۈلمىسى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئاساسەن مېتال ۋە مېتال مەھسۇلاتلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مېتال مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 34%نى، مىنېرال مەھسۇلاتلار 35%نى، يېمەكلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىياللىرى 12%نى، خىمىيىۋى مەھسۇلاتلار 9%نى، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، قاتناش ئەسلىھەلىرى، ئەسۋاب ۋە سايمانلار پەقەت 5%نى ئىگىلەيدۇ.

قازاقىستانغا يېقىن بولغان رايون ۋە دۆلەتلەر ئاساسەن قازاقىستان ئىشلەپچىقارغان تېخنىكىلىق ئەسۋاب ۋە ئۈسكۈنىلەرنى (سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 87%نى ئىگىلەيدۇ)، ئاشلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ماتېرىياللارنى (9%نى ئىگىلەيدۇ)، خىمىيىۋى مەھسۇلاتلارنى (75%نى ئىگىلەيدۇ)، مىنېرال مەھسۇلاتلارنى (66%نى ئىگىلەيدۇ) سېتىپ ئالىدۇ. قازاقىستانغا بىر قەدەر يىراق بولغان رايون ۋە دۆلەتلەر ئالدى بىلەن قازاقىستاننىڭ مېتال مەھسۇلاتلىرىغا ۋە مىنېرال خام ماتېرىياللىرىغا قىزىقىدۇ.

1996- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قازاقىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرگە 2 مىليون 696 مىڭ 600 توننا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز توڭلاتمىسى، 19 مىليون 300 مىڭ توننا كۆمۈر، 484 مىڭ 400 توننا ئاليۇمىن ئوكسىدى، 68 مىڭ 700 توننا قارا رەڭلىك مېتاللاردىن پروكاتلانغان ماتېرىياللار (ئاق قاغالتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2 مىليون 63 مىڭ 400 توننا تۆمۈر رودىسى ۋە بۇغداي سېتىپ بەردى. قازاقىستانغا بىر قەدەر يىراق بولغان رايون ۋە دۆلەتلەر قازاقىستاندىن 3 مىليون 201 مىڭ 400 توننا نېفىت مەھسۇلاتلىرى، 926 مىڭ 300 توننا قارا رەڭلىك ماتېرىياللاردىن پروكاتلانغان ماتېرىياللار، 146 مىڭ 900 توننا مىس ۋە مىس قېتىشمىسى، 62 مىڭ 300 توننا پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن سىنك ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى سېتىپ ئالدى.

قازاقىستان تاشقى سودا سوممىسىنىڭ 60%ى تاشقى پېرېۋوتنى ئەركىن ئالماشتۇرۇشتىن

كىرگەن بولۇپ، 1995-يىلىدىكىگە قارىغاندا 15% كۆپ. لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە تاشقى پېرېۋوتنى ئەركىن ئالماشتۇرۇپ ھېسابات ئېلىپ بېرىشقا رازى بولىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، پەقەت مەھسۇلات سېتىپ ئالىدىغانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان 26% ىنىڭ ھەممىسى تاشقى پېرېۋوتنى ئەركىن ئالماشتۇرۇشتىن كىرگەن بولۇپ، 1995-يىلىدىكىگە قارىغاندا 15% كۆپ. لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە تاشقى پېرېۋوتنى ئەركىن ئالماشتۇرۇپ ھېسابات ئېلىپ بېرىشقا رازى بولىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، پەقەت مەھسۇلات سېتىپ ئالىدىغانلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان 29% ىنىڭ ھەممىسى تاشقى پېرېۋوتنى ئالماشتۇرماسلىق ئاساسىدا مال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل شەكىلدە ھېسابات ئېلىپ بارىدىغان دۆلەت ئاساسلىق روسىيە بولۇپ، قازاقىستاندىن روسىيىگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 55% ىنى ئىگىلەيدۇ. قازاقىستاننىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسى مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئېكسپورت تاۋار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 7% ىنى ئىگىلەيدۇ.

قازاقىستان ئاساسەن يېقىلغۇ ئېنېرگىيىسى، مىنېرال ماتېرىياللار (ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 27% نى ئىگىلەيدۇ)، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى، ترانسپورت قوراللىرى، ئۈسكۈنە ۋە ئەسۋابلار (26% نى ئىگىلەيدۇ)، خىمىيىلىك مەھسۇلاتلار (10% نى ئىگىلەيدۇ)، يېمەكلىك ۋە خام ماتېرىياللار 11% نى ئىگىلەيدۇ)، مېتال ۋە مېتال مەھسۇلاتلىرى (10% نى ئىگىلەيدۇ) قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىدۇ. قازاقىستان ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ 75% تىن كۆپرەكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن كىرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە روسىيىنىڭ 57%، تۈركمەنىستاننىڭ 7%، بېلورۇسسىيە، گېرمانىيە ۋە تۈركىيىلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم 3% دىن، ئۇكرائىنا، موڭغۇلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم 2% دىن ئىگىلەيدۇ.

1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قازاقىستان ئەتراپتىكى رايون ۋە دۆلەتلەردىن 66 مىڭ 200 توننا شېكەر، 524 مىڭ 100 توننا يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى، 3 مىليارد 251 مىليون كۇب تەبىئىي گاز، 39 مىليارد 875 مىليون كىلوۋات\سائەت ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، 290 مىڭ دانە ھاۋا بېسىملىق بالون. 7200 دانە تېلېۋىزور، 4152 كىچىك ماشىنا، 862 پويىز قاتارلىقلارنى؛ قازاقىستانغا بىر قەدەر يىراق رايون ۋە دۆلەتلەردىن 4300 توننا چاي، 4100 توننا بولكا، قەن-گېزەك ۋە پېچىنە تۈردىكى يېمەكلىكلەر، 49 مىڭ 200 توننا ئۆسۈملۈك مېيى، 43 مىڭ 200 توننا نېفىتتىن چەككىلىنىپ چىققان ماددا، 67 مىڭ 400 دانە تېلېۋىزور، 1585 كىچىك ماشىنا قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى.

قازاقىستان ئىمپورت قىلغان ماللارنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىنىڭ ھەممىسىگە ئەركىن ئالماشتۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت تۆلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركمەنىستاندىن سېتىپ ئالغان مالنىڭ 99% ى، قىرغىزىستاندىن سېتىپ ئالغان مالنىڭ 76% ى، ئۆزبېكىستاندىن سېتىپ ئالغان مالنىڭ 64% ى بۇ خىل شەكىلدە ھېسابات قىلىنماقتا.

1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قازاقىستاندا تىزىمغا ئالدۇرغان شېرىكلەشكەن ۋە چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1996-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە بۇ خىل كارخانىلارنىڭ سانى 817 گە

يەتتى، 1995-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە پەقەت 555ى بار ئىدى. چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا قارىغاندا شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانىلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيە بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانا 130، روسىيە بىلەن 106، جۇڭگو بىلەن 73، گېرمانىيە بىلەن 71، ئامېرىكا بىلەن 59. بارلىق شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قانۇنىي ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليارد 700 مىليون تەڭگىگە يېتىدۇ.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى تاشقى ئىقتىسادىي سودىدا ئېرىشكەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئاساسەن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر قاتار زۆرۈر پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. (01)

# قازاقىستاننىڭ ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشىدىن ئۈمىت بار

ئالمۇتادىكى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قازاقىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى ئەرباپلار يېقىندا، قازاقىستاننىڭ 1997-يىلى بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشىدا ئۈمىت بارلىقىنى، پەقەت ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى چەت ئەللەرگە ئاز دېگەندە 5-6 مىليون توننا ئېكسپورت قىلالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە تاشقى كاۋكاز قاتارلىق دۆلەتلەر قازاقىستاندىن ئاشلىق سېتىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قازاقىستان ئاشلىق ئېكسپورت قىلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇغداي ۋە قوناق ئېكسپورت قىلىشتىكى ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى ۋە چەت ئەللەردىكى سودا شېرىكلىرى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئاشلىق سودىسىنى پەقەت يېزا ئىگىلىك بىرژاسى ئارقىلىقلا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. لېكىن ئاشلىقنىڭ باھاسى باشتىن - ئاخىر يۇقىرى ھالەتتە تۇرماقتا. مەسىلەن: ھازىر قازاقىستاندا بىر توننا بۇغداينىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىلىش باھاسى 165 ئامېرىكا دوللىرى، بىر توننا قوناقنىڭ سېتىلىش باھاسى 100 ئامېرىكا دوللىرى. (01)

# روسىيىنىڭ ئاياغ كىيىم ئىمپورت قىلىش سوممىسى ئاشىدۇ

روسىيە ئاياغ كىيىم تىكىش سانائىتىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇندىن كېيىن روسىيە ئاھالىلىرى ئىمپورت قىلىنغان ئاياغلارنى ھەتتا سوپىتى ناچار ئاياغلارنىمۇ سېتىپ ئېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان، روسىيىنىڭ ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى سەككىز ھەسسە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر 1990- يىلى روسىيىنىڭ يىللىق ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 380 مىليون جۈپ دېسەك، 1995- يىلى يىللىق ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى پەقەت 53 مىليون جۈپكە، 1996- يىلى 40 مىليون جۈپكە چۈشۈپ قالغان. بۇ سانلىق مەلۇماتنى «روسىيە يېنىك سانائىتى» ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ قارمىقىدىكى مەلۇم بىر ئاياغ كىيىم شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋىياچېسلاۋ. دورىنىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاياغ كىيىم روسىيىدە سېتىلىۋاتقان ئاياغنىڭ پەقەت 20% نىلا ئىگىلەيدىكەن، قالغانلىرىنى ئاساسلىق جۇڭگو، سىنگاپور، شياڭگاڭ ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ ئاياغ كىيىملەرنىڭ باھاسى ئەرزان، سوپىتى ناچار.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1996- يىلىنىڭ ئالدىنقى 10 ئېيىدا روسىيىگە توشۇلغان ئاياغ كىيىمنىڭ سانى 77 مىليون جۈپكە يەتكەن. گەرچە 1996- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ روسىيە ئاياغ كىيىم ئىمپورت قىلىشتا ھەر بىر جۈپ ئاياغتىن مەلۇم نىسبەت بويىچە باج ئېلىشنى يولغا قويغان بولسىمۇ، روسىيە ئاياغ كىيىم بازىرىدا چەت ئەل ئاياق كىيىملىرىنىڭ نىسبىتى يەنىلا كۆپەيدى. (01)

# قازاقستان بىلەن ئىران ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى

1996- يىلى 11- ئاينىڭ 20- كۈنى قازاقستان كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەئىسى ئومىربېك، بايگېلدىن قازاقستانغا كېلىپ رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىران ئالىي ئىسلام دىنى ئىتتىپاقى خەلقئارا ئىسلام دىنىنىڭ يول باشچىسى نوركا. نۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئومىربېك. بايگېلدىن ئۇلارغا قازاقستاندا ئىككى پالاتانىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى، پالاتا پائالىيىتى ۋە قانۇن لايىھەسىنىڭ شەكىللىنىش تەرتىپىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

نوركا. نۇر ئۆز سۆزىدە، ئىران بىلەن قازاقستاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەت خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. شۇڭا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى كېرەك دېدى.

ئۇلار يەنە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا تۆمۈريول ۋە تاش يول لىنىيىسى قۇرۇش ۋە قازاقستان

نېفىتنى توشۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ھەر ئىككى تەرەپ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نوركا. نۇر ئاخىرىدا قازاقىستاننىڭ ئىسلاھاتتا نەتىجە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ۋە قازاقىستاننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (01)

# قازاقىستان پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىدە ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نۆۋەتتىكى تەقسىمات مېخانىزمىدىن توپلاش مېخانىزمىغا ئۆتۈپ، بازار ئىقتىسادىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلماقچى.

قازاقىستان نۆۋەتتە بەش يىل بۇرۇن ماقۇللانغان پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش قانۇنىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، بۇ خىل كاپالەت قانۇنىدا ئاساسلىقى باغلىنىشلىق مەسئۇلىيەت يولغا قويۇلغان، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىزمەتچى خادىملار مەلۇم خىزمەت ئورنىدا ئىشلەپ پېنسىيە يېشىغا توشقاندىن كېيىن شۇ خىزمەت ئورنىدىن پېنسىيە پۇلى ئالىدۇ، بۇ خىل مېخانىزم تەقسىمات مېخانىزمى دەپ ئاتىلىدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتى تۈزگەن 1996- يىلدىن 1998- يىلنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگىچە بولغان ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئاساسەن، پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى 1998- يىلى يولغا قويۇلۇش كېرەك ئىدى، لېكىن ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ پېنسىيە پۇلى فوندى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كاپالەت سىستېمىسىدا ئومۇميۈزلۈك كرىزىس كۆرۈلگەنلىكتىن، ھۆكۈمەت بۇ ئىسلاھاتنى 1997- يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئاخبارات ۋاستىچىلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قازاقىستاننىڭ نوپۇسى ئېغىر ھالدا قېرىلىشىشقا يۈزلىنىپ، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ سانى 500 مىڭدىن ئاشتى، 1996- يىلى يىل ئاخىرىدا پېنسىيىگە چىققانلار 2 مىليون 819 مىڭغا يېتىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سانى 1991- يىلىدىكى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن 14% تىن 17% كە كۆتۈرۈلدى. قازاقىستان ھازىر تېخى ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلغىنى يوق، كۆپ ساندىكى كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. بۇ خىل شارائىتتا، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسى بىلەن بازار ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىيىتى ماسلىشالمايۋاتىدۇ، پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھات قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ، پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھات قىلىشنىڭ پىكىر لايىھىسىنى تەييارلاشقا ۋە تۈزۈشكە باشلىدى.

بۇ لايىھىگە ئاساسەن، قازاقىستاننىڭ پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسى تەقسىمات مېخانىزمىدىن توپلاش مېخانىزمىغا ئۆتۈپ، دۆلەت تەمىناتىنى ئاساس قىلغان پېنسىيە پۇلىغا

كاپالەتلىك قىلىشتىن دۆلەت تەمىناتى بولمىغان پېنسىيە پۇلى مېخانىزمىغا يۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

- دۆلەت پېنسىيە پۇلى مېخانىزمىغا قارىتا تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ؛

- دۆلەت پېنسىيە پۇلى فوندىنى قۇرۇشقا قاتناشقىنىغا 30 يىلدىن تۆۋەن بولمىغان پۇقرالارغا قارىتا بىۋاسىتە كېپىل بولىدۇ؛

- پېنسىيە پۇلى ئامانىتى بىلەن باشقا شەكىلدىكى ئىجتىمائىي كېپىللىكنىڭ چەك - چېگرىسى ئايرىلىشى كېرەك؛

- ھەر بىر ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە پۇقرالار خىزمەت قىلىۋاتقان مۇددەت ئىچىدە پېنسىيە پۇلى ئامانىتىگە قاتنىشىشى ھەم پېنسىيە پۇلى فوندى جەمئىيىتىگە بەلگىلىك مىقداردا ھەق تاپشۇرۇشى كېرەك. پۇقرالار ئەگەر پېنسىيە پۇلى كاپالەت ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرسا، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بەلگىلىمىگە ئاساسەن پېنسىيە پۇلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

بۇ لايىھىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇن ۋە قائىدە، ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يېڭى پېنسىيە پۇلى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ۋە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى تۈزگەن پېنسىيە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات پىكىر لايىھىسى ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ھەم پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يىل ئىچىدە يولغا قويۇلىدۇ. (03)

# قازاقىستان بىلەن ياپونىيە كونكرېت ئاساستا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى

1996- يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنى قازاقىستان دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئا. كېسسبلىيېۋ قازاقىستاندا ياپونىيىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتى.

باش ئەلچى قازاقىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ قازاقىستاندىن ئىبارەت باي، ياش ھەم يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بۇ دۆلەت بىلەن چوڭقۇر ۋە ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ياپونىيىدىكى كەسپىي ساھەلەرنىڭ قازاقىستانغا مەبلەغ سالماقچى بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى يەتكۈزدى.

ئا. كېسسبلىيېۋ ياپونىيىلىك ئەلچى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت يىغىنىدا، يېقىندىن بۇيان قازاقىستان بىلەن ياپونىيىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىش مۇمكىنچىلىكى ئاشماقتا. قازاقىستان ياپونىيىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش، نېفىتلىك ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىش، قاتناش - ترانسپورت، ئاۋىئاتسىيە ۋە كائىنات دائىرىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىش ئاخبارات تېخنىكىسىغا قىزىقىۋاتىدۇ، شۇڭا ياپونىيە سودا سانائەت ساھەسىنىڭ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چەت ئەللىك شېرىكلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىمىزنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىدا چوقۇم قازاقىستاننىڭ ھەر بىر گىراژدانى كۆرۈۋالايدىغان نەتىجە بولۇشى كېرەك. شۇڭا قازاقىستان بىلەن ياپونىيە ھەمكارلاشقاندا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا چۈشىنىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى كېرەك دېدى.

# قىرغىزستان روسىيە كارخانىچىلىرىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەكتە

موسكۋادا زىيارەتتە بولۇۋاتقان قىرغىزستان ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇقامبايېۋ روسىيە بانكىلىرى، مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە كارخانىچىلارنىڭ قىرغىزستان بازارلىرىدىكى پاسسىپ ئىپادىسىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ پەن - تېخنىكا، مەبلەغ ۋە كىرېدىت ساھەسىدىكى مەركەزلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. قىرغىزستان ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بازارلىرىغا تۇتىشىدىغان يولنى كەڭ ئېچىۋەتتى، روسىيىنىڭ سالغان مەبلىغى قىرغىزستاندا مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلىشى كېرەك، چۈنكى قىرغىزستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى قانۇنىي ئاساس ياراتتى. مەسىلەن قىرغىزستان ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن 128 تۈرلۈك خەلقئارا كېلىشىم ئىمزالىدى.

قىرغىزستان روسىيىنىڭ ئورال ۋە سىبىرىيە رايونىنى ئۆزىدىكى 30% ئېشىنچا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە روسىيىنىڭ نارىن شارقىراتمىسى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇراشتۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. روسىيە تەرەپ تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىش شەرتى ئاستىدا قىرغىزستان يەنە روسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى، شۇنداقلا يىراق شەرق رايونىنى ئەنئەنىۋى گۆش تۈرلىرى، كۆكتات ۋە مېۋە - چىۋە بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. (02)

# روسىيىنىڭ يېنىك سانائىتى كىشىنى غەمگە سالىدۇ

روسىيىنىڭ يېنىك سانائىتى ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ، سانائەت ۋەيران بولۇش خاراكتېرىدە تۆۋەنلىمەكتە، كارخانىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىماقتا. 1992- يىلىدىن 1995- يىلىغىچە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەتتە - سەككىز ھەسسە تۆۋەنلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى بىلدۈردىكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشى، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىشى ئەڭ ئېغىر دەرىجىگە يەتكەن.

1996- يىلى 1- ئايدىكى روسىيە دۆلەت كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا 1995- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا ئىلمە توقۇلما بويۇملار 24%، يۇڭ توقۇلما بويۇملار 23%، خۇرۇم، مويلۇق تېرە، ئاياغ كىيىم سانائىتى 28% ئازلىغان. ھازىر دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن خۇرۇم ئاياغلار دۆلەت ئىچىدىكى ھەر بىر كىشىگە بىر جۈپتىنمۇ يەتمەيدۇ، ئىلمە توقۇلما بويۇملار ھەر بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەش ئاي ئىچىدە 40% ئازلىغان، سارجا، يىپەك، ئىلمە توقۇلما بويۇملار، گىلەم، ئاياغ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاران 14% — 19% كېلىدۇ. (02)

# مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر روسىيىنى ئاساسلىق مال بىلەن تەمىنلىگۈچى دۆلەتلەر بولۇپ قالدى

روسىيە تاشقى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر روسىيە بازارلىرىنى ئاساسلىق مال بىلەن تەمىنلىگۈچى بولۇپ قالغان، هازىر بۇ دۆلەتلەر تەمىنلىگەن تاۋارلار روسىيە ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارنىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان ئاشلىق، ئۆسۈملۈك مېيى، ئاق شېكەر، ئىچىملىك، پاختا، قارا رەڭلىك مېتال ۋە توقۇما ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش سوممىسىدىن 50% ئېشىپ كەتتى. 1996 - يىلى روسىيىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىن تاۋار ئىمپورت قىلىش سوممىسى ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 31% نى ئىگىلەپ، قىممىتى 14 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 1997 - يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ روسىيىگە تاۋار ئېكسپورت قىلىشى داۋاملىق ئاشىدىكەن، ئەكسىچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ روسىيىگە تاۋار ئېكسپورت قىلىشى ئازىيىدىكەن.

1996 - يىلى روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا هەر قايسى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان تاۋار سودا سوممىسى 15 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، روسىيە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 18% نى ئىگىلىدى، ئىلگىرىكى يىللىرىغا ئوخشاش ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار يەنىلا يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ۋە ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 48.8% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي گاز ئېكسپورتى 34.9% نى ئىگىلىدى. روسىيە تاشقى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش ئىلگىرىكىگە قارىغاندا داۋاملىق ئازىيىۋېتىپتۇ، مەسىلەن، 1996 - يىلى روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان خام نېفىت 1995 - يىلدىكىگە قارىغاندا 33%، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت مىقدارى 48% ئازىيىپ كەتكەن. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال 1997 - يىلىمۇ داۋاملاشسا، ئۇنداقتا روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن سودىدىكى ئاكتىپ بالانىسلىق رولىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئۇكرائىنا 1996 - يىلى روسىيىنىڭ ئاساسلىق سودا شېرىكى بولدى، ئۇنىڭ روسىيە بىلەن ئېلىپ بارغان سودا سوممىسى 13 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، روسىيە تاشقى سودا سوممىسىنىڭ 10.7% نى ئىگىلىدى. بېلورۇسىيە ۋە قازاقىستاننىڭ روسىيە بىلەن ئېلىپ بارغان سودا سوممىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا 5 مىليارد 900 مىليون ۋە 5 مىليارد 600 مىليون.

(01)

# جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەت چېگرىسىدا تۆمۈر يول توپتوغرا توشۇشتەك تارىخىي بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى تۆمۈر يول سۆھبىتى يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئىككى تەرەپ جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەت چېگرىسىدا تۆمۈر يول ئارقىلىق يولۇچى ۋە يۈكنى توپتوغرا توشۇش ھەم ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىردەك پىكىرگە كەلدى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى «جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى تۆمۈر يول كېلىشىمنامىسى» گە ئىمزا قويدى. بۇ جۇڭگو - قازاقىستان تۆمۈر يول ھەمكارلىقىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1996 - يىلى قازاقىستان تەرەپتىكى دىرۇژبا چېگرا ئېغىزىدىن جۇڭگوغا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار 2 مىليون 5 مىڭ تونىنىغا يەتكەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزىدىن قازاقىستان ھەم باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار 170 مىڭ تونىنىغا يەتكەن، بۇ بىر تارىخىي بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى قاتناش ترانسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى دۆلەت ئىمزالىغان كېلىشىمدە بەلگىلىنىشىچە، جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن تاۋار مەنبەسىنى تېپىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋار تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، چېگرا ئېغىزىنىڭ مال ئۆتكۈزۈش مىقدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. قازاقىستان تۆمۈر يول ئورۇنلىرى قازاقىستاندىن جۇڭگو تۆمۈر يولى ئارقىلىق توشۇلىدىغان ماللارنىڭ يىللىق توشۇلۇش مىقدارىنى 3 مىليون تونىنا قىلىپ بېكىتىش، بۇنىڭ ئىچىدە 25 مىڭ يۈك ساندۇقى بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، جۇڭگودىن قازاقىستانغا يىلىغا 30 مىڭ يۈك ساندۇقى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى.

خەلقئارا يولۇچىلار پويىزىنىڭ يۈرۈش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قازاقىستان تۆمۈر يول ئورۇنلىرى خەلقئارا يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى توختايدىغان بېكەت سانىنى كېمەيتتى، ئىلگىرىكى 17 بېكەتتىن 10 بېكەتكە ئازايدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، ئىككى تەرەپ 13/14 قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى قايتىدىن بېكىتتى ھەمدە يولۇچىلارنى جەلپ قىلىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەپ، يۈكنىڭ توشۇلۇش مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى. (03)

# قازاقىستان مەمۇرىي رايونلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ

قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ يېقىندا مەمۇرىي رايونلارنى ياخشىلاش چارە - تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئىمزالىدى. بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن، تورغاي ئوبلاستى بىلەن تالدى قورغان ئوبلاستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا باشقا ئوبلاستلارغا قوشۇۋېتىلىدۇ، قازاقىستاندىكى 19 ئوبلاست17 ئوبلاست قىلىپ قىسقارتىلىدۇ.

قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى كاژگېلكىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن تورغاي ئوبلاستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقمولا ئوبلاستى ۋە قوستاناي ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلىدۇ، تالدى قورغان ئوبلاستى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلىدۇ دېدى. (01)

# تۈركىي تىلى دۆلەت رەھبەرلىرى «تاشكەنت خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى

1995-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى تۈركىي تىلى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىرغىزستان پايتەختى بىشكېكتە ئۆتكۈزگەن ئالىي دەرىجىلىك سۆھبىتىدە ماقۇللانغان قارارغا ئاساسەن، 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنى ئەزەربەيجان زۇڭتۇڭى ئالىيېۋ، قازاقستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ئاقايېۋ، تۈركىيە زۇڭتۇڭى دېمىلېر، تۈركمەنستان زۇڭتۇڭى نىيازوۋ ۋە ئۆزبېكستان زۇڭتۇڭى كەرىموۋ تاشكەنتتە 4-قېتىملىق ئالىي دەرىجىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىملىق سۆھبەت تىنچلىق، بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مەقسەت قىلغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت بولۇپ، دۆلەت رەھبەرلىرى دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قاتار خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ھەم بايانات ئېلان قىلدى:

1. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى دۆلەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە كۆپ تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن رازى بولۇشتى ھەم مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

2. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى دېموكراتىيە پرىنسىپىغا سادىق بولۇش، كىشىلىك ھوقۇق ۋە بازار ئىگىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

3. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى پەن - تېخنىكا، سەنئەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىقتىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش شۇنداقلا تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىنى كېڭەيتىشكە قوشۇلدى. ھەم مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈركىي تىلى دۆلەتلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ئورتاق مەدەنىيەت، تىل، روھ ئاساسىدا قۇرۇلغان تۈركىي دۆلەتلىرى خەلقلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

4. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى «يىپەك يولى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىنىڭ رېئاللىقىنى ئورتاق تەتقىق قىلىش، بىلىم خاراكتېرىدىكى ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش، تۈركىي تىلى دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قوغداش ۋە مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇنىڭدىكى مەقسەت تۈرلۈك ئومۇملاشتۇرۇش شەكلىدىكى ساياھەت تورى ۋە ساياھەت ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

5. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى تۈركىي تىلى دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى ئىمكانقەدەر راۋاجلاندۇرۇش، ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆز ئارا سودىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىش، تەبىئىي شەخس ۋە ۋەكالەتچى ئۈچۈن ئېتىبار سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئۆز ئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت جەريانىدا بىرلىككە كەلگەن تاۋار بازىرى، مۇلازىمەت بازىرى، مەبلەغ ۋە ئەمگەك

كۆچى بازىرى بەرپا قىلىپ، ئۆزى ئۆستىگە ئېلىۋاتقان خەلقئارا مەجبۇرىيەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىكتىن ئىبارەت. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يەنە مۇناسىپ تەشكىلىي ئورگانلار زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى، ئۆز ئارا سودا، مالىيە ۋە بانكا كەسپىدىكى چەكلىمىلىك ۋە مۇرەككەپ توسالغۇلارنى بىكار قىلىشى كېرەك دەپ قارىدى.

6. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى مول تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى بولۇپمۇ نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە سۇ كۆچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى قايتا تەكىتلەپ، نېفىت، تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرى ۋە توك يەتكۈزۈش سىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، دۇنيا بازىرىغا يۈزلىنىپ مۇناسىۋەتلىك دۆلەت، خەلقئارا مالىيە گورۇھى، ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي تەشكىلاتلارنى بۇ پىلانغا جەلپ قىلىشقا قوشۇلدى. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ تۈركىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە ياۋروپاغا ئۆتىشىدىغان نېفىت - تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

7. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بۇ رايوندا ئىقتىسادىي ترانسپورت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كاۋكاز كارىدورىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورتى ۋە تۆمۈريول قاتنىشى توغرىسىدىكى كېلىشىمنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى ھەم ياۋرۇپا ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىمدىكى رولىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافغانىستان، پاكىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا ئۆتىشىدىغان تاش يول قۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنى قوللىدى ھەم ئۇنى «جەنۇب - شىمال» كارىدورىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىدى.

8. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا ئاۋاز قوشۇپ، تېخىمۇ پائال تۇردە دۇنيا بانكىسى، خەلقئارا پۇل فوندى ئويۇشمىسى، رايون خاراكتېرلىك بانكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ ھەم ھەر بىر تۈركىي تىللىق دۆلەتلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچتىكى ستراتېگىيىلىك رولىنى تەتقىق قىلدى.

9. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى تەدبىر قوللىنىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەبلەغ سېلىپ ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمگەك كۈچىنى ئاشۇرۇپ ئاساسىي ۋە كەسپىي مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەمگەك قابىلىيىتىنى، بايلىق مەنبەلىرى ۋە تېخنىكا دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ھەم تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىش، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ رىقابەت كۈچىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن بەلكى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سودا ساھەلىرىدە راۋۇت قۇرۇشقا قوشۇلدى.

10. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى مۇھىت ئاسراش جەھەتتە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ خەلقئارا دائىرىدە ھەل قىلغۇچ تەدبىر قوللىنىپ ئارال دېڭىزى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىق قىلدى.

11. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى قانۇنسىز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، مەست قىلغۇچى ۋە خىيالىي سېزىم پەيدا قىلغۇچى بۇيۇملارنى سېتىش دائىرىسى ۋە يۆتكىلىشى، شۇنىڭ بىلەن

بىرگە تۈركىي تىلى دۆلەتلىرىنىڭ زېمىنىدىن پايدىلىنىپ بۇ بويۇملارنى چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن غەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. هۆكۈمەت باشلىقلىرى تەدبىر قوللىنىپ مەست قىلغۇچى بويۇملار سودىسى بىلەن كۆرەش قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى قوللاپ، خەلقئارا سىياسەت بويىچە مەست قىلغۇچى بويۇملارنىڭ ئوبوروتىغا نىسبەتەن، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە بولغان قايغۇرۇش، بولۇپمۇ 20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدا تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بۇ زەھەرلىك بويۇملار سودىسى ۋە تېرورچىلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش تېرورچىلارنىڭ مەبلىغىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى.

12. هۆكۈمەت باشلىقلىرى سەممىمىي، دوستانە كەيپىياتتا ئاخىرلاشقان بۇ قېتىملىق يىغىن شۆھبىسىزكى بىر مۇھىم نامايەندە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، تۈركىي دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا رايوننىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئەنقەرەدە ئېچىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار سۆھبىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان باشلىقلار يىغىنىنى قەرەللىك ئېچىش توغرىسىدىكى قارارغا ئاساسەن، كېلەر نۆۋەتلىك يىغىن 1997- يىلىنىڭ 4- پەسلىدە قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتادا ئېچىلىدۇ.

بۇ خىتابنامە 1996- يىلى 10- ئاينىڭ 21- كۈنى تاشكەنتتە ئىمزالاندى، جەمئىي ئالتە نۇسخا بولۇپ ھەممىسى تۈرك ۋە رۇس تىللىرىدا يېزىلدى.

ئەزەربەيجان زۇڭتۇڭى گ. ئالىيېۋ
قازاقىستان زۇڭتۇڭى ن. نەزەربايېۋ
قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئا. ئاقايېۋ
تۈركىيە زۇڭتۇڭى س. دېمىلېر
تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى س. نىيازوۋ
ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى ئى. كەرىموۋ (02)

# قازاقىستان كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش ماشىنىسىغا ئېھتىياجلىق

قازاقىستان سودا مىنىستىرلىكىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ دۆلەتنىڭ شەرق ئېلىمىي ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى جۇڭگودىن بىر تۈركۈم كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ بىر تۈركۈم كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش ماشىنىلىرى شىنجاڭ تاشقى سودا شىركىتى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان.

كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش ماشىنىسى بىر كېچە - كۈندۈزدە 15 توننا ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدۇ ھەم 10 توننا ئەلا سۈپەتلىك ئۈن ئىشلەپچىقىرالايدۇ. شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا نەچچە ئونلىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بۇ خىل كىچىك تىپتىكى ئۈن تارتىش ماشىنىسىنى ئورناتتى. ئىشلەپ چىقارغۇچىلار ئۆز ئۆيىدىلا ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدۇ، بۇنداق قىلغاندا ھەم ئوبوروت ھالقىلىرىنى ئازايتقىلى ھەم مەبلەغنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. (03)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)
1997 - يىللىق 4 - سان
(ئومۇمىي 75 - سان)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ پەن تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 - 58
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: (0991)3837994
ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1133/N باھاسى: 3 يۈەن